


1990 5

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION




ئاتاقلىق شائىر، مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيېۋ (سولدا)، ئاتاقلىق دراماتورگ، يازغۇچى، مەرھۇم زۇنۇن قادىرى (ئوتتۇردا)، پېشقەدەم يازغۇچى تۇردى سامساق ( ئوڭدا).



يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا
ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزىلار-
دىكى سوتسىيالىزم بازىسىنى مۇستەھكەم ئىگىلەش لازىم، يېزىلار
ۋە كەنتلەر يېزا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان:
مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى، پارتىيە ئەزا-
لىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئاكتىپلار تايانچ قىلىنغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت قو-
شۇنى بەرپا قىلىشى، كۆپ خىل يول ئارقىلىق، جۇملىدىن خەلق باشقۇرۇش، ھۆكۈمەت
ياردەم بېرىش ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىكە سېپىي خىراجىتىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش ئۇسۇللىرى
ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت سورۇنلىرى قۇرۇلۇشىنى ۋە ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى
كۈچەيتىشى، يېزىلارنىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە، كىنو قاتارلىق تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلى-
رىنى راۋاجلاندۇرۇشى، دەرىجىگە ئىتتە قىرائەتخانا، تېلېۋىزور قويۇش ئۆيى، مەدەنىي
كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى بولۇشىنى، دەرىجىگە ئايلىنىدە كاناي بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى؛
ساغلام، مەدەنىي بولغان تۇرمۇش ئادىتى مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيىتىنى پائال
قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشى لازىم، يېزىلاردا
ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە داۋاملىق ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلىم-پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئىلىم-پەن،
مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

— ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ
جكپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3-نۆۋەتلىك كومىتېتى 15-ئومۇمىي
(كېڭەيتىلگەن) يىغىندا بەرگەن دوكلاتى (قىسقارتىلمىسى) دىن



شىنجاڭ مەدەنىيىتى    قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

39 - يىل نەشرى    1990 - يىل 5 - سان (ئومۇمىي 186 - سان)

# بۇ سانىدا

يېزىلاردىكى ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىدىيە ئارقىلىق يېزىلاردىكى سوتسىيالىزم بازىسىنى مۇستەھكەم ئىگىلەش لازىم ..............سۇڭ خەنلياڭ 1

ئەدەبىيات گۈلزارى

ئاھ، سۇ ............ (ھېكايە) ............ ياسىنجان سادىق 3

تارىختىن سۆز

غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى ............ ئابلەت نۇردۇن 6

سەنئەت مىراسلىرىمىز

سۆيگۈجان ........ («قارا قوشۇن»لار دراممىسى) ...... قەلەمگە ئالغۇچى: سۇلايمان ئابدۇرېھىم 15

مۇھاكىمە

مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئۇچبۇرجىكى ......ئا. مۇھەممەتئىمىن 20

خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

ئىككى چۆچەك ............ قەلەمگە ئالغۇچى: نەجمىددىن سىدىق 40

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە تارىخ

خانتەڭرى باغرىدىكى خاتىرە تاش ............ ئابدۇقەييۇم خوجا 57

سەھنە ئەسەرلىرى

كومېدىيىلەر ............ سەئىد ئەھمەد 60

تۇرمۇش ئەينىكىدە

تېنىمسىز خىياللار ............ (ھېكايە) ............ ئابدۇرېھىم ئابلىمىت 67

ئەقىل ئۈنچىلىرى

تەپەككۇر جەۋھەرلىرى ............ تەييارلىغۇچىلار: ئەنۋەر داۋۇت، ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ 36

قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

پاراسەتلىك كىشىلەر ............ (ھېكايە) ............ جۇمەدىل مامان 76

مۇقاۋىدا: ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ (ماي بوياق) ئەبەيدۇللا مۇھەممەت سىزغان. خەتتات ۋە رەسسام ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان).
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى، باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخرېداكتورى)
مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى:

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
مۇھەممەت زۇنۇن، مۇھەممەت تاتلىق، ئىبراھىم پەخرىددىن، نىزامىددىن ھۈسەيىن، مۇھەممەتئېلى زۇنۇن، قۇربان مامۇت، ساتتار توختى






(ھېكايە)

يا سىنجان سادىق

ئۇنىڭغا بۇگۇنكى ئىش بەكـمۇ ئەلەم قىلـ
دى. تۇكۇچ سالـغـانـدەك چـوقـۇر چىرايـى
قانـىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزاردى. قېلىن،
دورداي كـالـپـۇكلىرى ئـۇستىدىـكى قويۇق
قىزغـۇچ بـۇرۇتـلىرى دىگگـايدى. كۆزلىرى
چەكچەيـدى. قويۇق قارا قاشلىرى ئوتتۇردـ
سىغا چوڭقۇر بىر سىزىقچـە پـەيدا بولدى.
پېشانىسىنى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق قـورۇقـلار
قاپلىدى. تاماكا يۆگەشكـە تۇتۇنغان كۈچـ
لۈك، دىقماق قوللىرى تىترىـدى. پـۇتۇنسۇـ
رۇك بىر يېزىنى ئالقىنىدا ئـويـنىتىدىغان،
ھـەممىسى دېگـۇدەك «ۋاي سەلـەي مـىراب»
دەپ قول بـاغـلاپ، ھـەر بىر ئېغىز سۆزىگە
خـوش - خـوش ئېيتىپ تازىم قىلىپ تـۇردـ
دىغان بىر ئادەمگە، بىراۋلارنىڭ ئـالـدىدا
سارغىيىپ تـۇرۇپ ئېيتـقـان تەلىپىنىڭ قوـ
پاللىق بىلـەن رەت قىلىۋېتىلىشى ئـەلۋەتتە
ئېغـىر كـېلـىدۇ - دە. ئـۇ كىم؟ سـەلـەي
كىم؟ ئۇ ناھايىتى سۇ تەقسىملەش پونكىتىـ
نىڭ سوكـال بـاشلىقىغـۇ. سەلەي ئاخۇنچۇ؟
ئۇزۇندىن بـېرى 20 ـ 30 مىڭ نوپـوسلـۇق

بۇ يېزىنىڭ سۈيىنى ئوبدان باشقۇرۇپ دېھقانلارنىڭ قالتىس ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كەلگەن كاتتا بىر مىراب - تە! لېكىن ئۇ بۈگۈن ئاشۇ پونكىت باشلىقىنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر نەچچە مو يېرى ئۈچۈن سۇ سوراپ بارغان بولسىدى، پونكىت باشلىقىنىڭ بۇ قوپال مۇئامىلىسى ئۈچۈن پېشىنى قېقىپلا كەتكەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا پۈتكۈل يېزىنىڭ تۈمەن مولاپ يېرى، 30—40 مىڭ نوپۇسى، چارۋىسى، دەل - دەرەخ، كۆچەتلىرى تەقەززالىق بىلەن «سۇ - سۇ» دەپ ئاغزىنى ئېچىپ تۇراتتى. چۈنكى 20 — 30 مىڭ دېھقاننىڭ يەرگە قىلغان مېھنىتىنىڭ مېۋە بېرىش - بەرمەسلىكى مۇشۇ قېتىمقى سۇغا باغلىق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ، پونكىت باشلىقىنىڭ ئىلاجى بار غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. مانا پۈتۈن ناھىيە تەۋەسىدىكى باشقا يېزىلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىملىق سۈيىنى ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ تولۇق ئىچىۋالدى. ئەمما تەكلىماكاننىڭ قۇم بارخانلىرى بىلەن چېگرىداش، سۇ بېشىغا ئەڭ يىراق بولغان مۇشۇ باغتوغراق يېزىسىغا تاھازىرغىچە سۇ ئېچىش نۆۋىتى كەلمىدى. زىرائەتلەر سولاشقان، يەردىن يال - يال تونۇر تەپتى كېلىدۇ. ھايۋانلار ھالىدىن كەتكەن. پۈتكۈل يېزا سۈكۈتتە. سەلەيگە ھەممە نەرسە «سۇ» دەپ تەلمۈرگەندەكلا بىلىنىدۇ.

ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سەلەي جىم تۇرالىسۇنمۇ؟ لېكىن ھەر تەرەپكە قاتراشلار، ناھىيىنىڭ سۇغا مەسئۇل كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشۈشلەر پەقەت قۇرۇق ۋەدىدىن باشقا ھېچقانداق ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشەلمىدى. ئېمىشقىدۇر ھەر يىلى مۇشۇنداق سۇ قىس مەزگىللەردە، سۇ ئېلىش نۆۋىتى ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ چەت - يىراق، قۇرغاق يېزىغا بېرىلىدىغان ئىلگىرىكى قائىدە ئۆزگىرىپ قالغانىدى. سەلەي خېلى باش قاتۇرۇپ، ئەھۋال ئىگىلەپ يۈرۈپ بۇ «ئۆزگىرىش»نىڭ سەۋەبىنى ئاران بىلەلىدى. لېكىن بۇ سەۋەبنى بىلىپ بولغىچە باشقا يېزىلار ئاللىبۇرۇن يەرلىرىنى بىر قېتىم سۇغىرىپ بولغانىدى. سەلەي بۇرۇنراق ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ «سۇ ئىگىلىرى»نىڭ ھاجىتىنى بىجا كەلتۈرمىگىنىدىن ئۆكۈندى. ئىنسابسىزلاردىن ۋايسىدى. لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئازراق سۇ ھەل قىلىۋېدى، سۇ تەقسىملەش پونكىتىنىڭ ھېلىقى باشلىقى يۇقىرىنىڭ تەستىقى سېلىنغان قەغەزنى پەرۋاسىزلىق بىلەن تاشلاپ قويۇپ، ھەر خىل تۇتۇرۇقسىز باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، سۇ بېرىشنى بىر ھەپتە كېچىكتۈرۈۋەتتى. سەلەينىڭ ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك بولۇپ يالۋۇرۇشلىرى كار قىلمىدى. ئۇ ئەنە شۇ ئەلەمدە يېزىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى.

«خەپ، بىزنىڭ قاچانمۇ ئاشۇ بالاخور پونكىت باشلىقىنىڭ دېگەن نەرسىسىنى بەرمىگەن يېرىمىز بار. بىرمۇ يەرگە سالغان ئاشۇ ئايۋان - سارايلىق ھويلا - ئارامىنى ئۆرە قىلغانمۇ باغتوغراقنىڭ ياغىچىمۇ؟ خۇدانىڭ كۈنى ھارماي چايناپ ئۆگىتەلمىگەن يەنە بۇ باغتوغراقنىڭ پاقلانلىرىنىڭ گۆشى ئىدىمۇ؟ ئالدىراشچىلىقتا قۇرۇق قول كەلگىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنچە ئەسكىلىك قىلىپ كەتمىسىمۇ، سۇنى باشلىۋالغاندىن كېيىن بىرەر قوي دېگەننى ئەۋەتىپ بەرمەسمىدىم. بىر ھەپتە ساقلاپ تۇرۇڭلار دېگىنىنى تېخى، ئىزا تارتماي. بىر ھەپتىگىچە زىرائەتلەر قۇرۇپ تۈگەشمەمدۇ. قاچانمۇ نەپسى تويار بۇنىڭ» دەپ غۇدۇردىدى ئۇ ماڭغاچ.

سەلەي ئۆيگە كېلىپلا ئېغىلدىن بۇ يىل قۇربانلىق قىلىشقا ئاتاپ قويغان يوغان قوچقارنى يېتىلەپ چىقتى - دە، پۈت-

قولىنى چۈشەپ، ھارۋىغا بېسىپ ئوغلىغا بۇيرۇدى:

— جۇگۇ بالام، مۇنۇ قوچقارنى دەرھال سۇ تەقسىملەش پونكىتىدىكى مەتنىياز زەنجىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ كەل. دادام ئەۋەتتى، دېسەڭ ئۆزى بىلىدۇ.

سەلەي ئوغلى ھارۋىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئايالى راسلاۋاتقان داستىخانغا قاراپمۇ قويماستىن، ئۇدۇل يېزىدىكى بىرىنچى نۆۋەت سۇ ئىچىدىغان كەنتلەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ، پونكىت باشلىقىنىڭ قوچقارنى كۆرۈپلا سۇنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. كەچتە سەلەي مىراب كەنتتىكى سۇچىلارنى تەقلەپ قويۇپ ئۆيىگە كەلگەندە، قوچقار بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ، سالپىيىپ كېلىۋاتقان ئوغلىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— قوچقارنى قايتۇرۇپ كەپسەنغۇ؟ — سورىدى ئۇ بوغۇلغان ھالدا.

— پونكىت باشلىقى: مۈشۈكنىڭ ئاسلىنىدەك بىر قويغا «پارا ئالدى» دېگەن ئاتاقىنى تېگىشمەيمەن. داداڭغا ئېيت، قويدىن ئىككىنى ئەۋەتسىمۇ بىكار. بەرىبىر ھەپتىدىن كېيىن سۇ تەقسىملەپ بېرەلەيمەن دەيدۇ.

سەلەي مىراب ئوغلىنىڭ جاۋابىنى بىتاقەتلىك بىلەن ئاڭلىدى - دە، ئېغىلغا ئېتىلىپ كىرىپ، ئەمدىلا قوشقا قاتقىدەك بولغان ئالا توپاقنى يېتىلەپ چىقتى. ئۇ، شۇ تۇرقىدا پۈتۈن يېزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىدىن كېچىشكىمۇ رازى ئىدى.

ئەتىسى تاڭ سەھەردىلا باغتوغراق يېزىسىغا سۇنىڭ بېشى كەلدى. جىمجىتلىققا چۈمكەن يېزا سۇنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلىرى بىلەن تەڭلا جانلىنىپ كەتتى.

ئادەملەر ئېرىق بويىدا كەتمەن كۆتۈرۈپ چېپىشىپ ھارمىدى. ئۇششاق بالىلار قىيپالىڭاچ بولۇپ، سۇغا ئۆزلىرىنى ئېتىشتى. ھايۋانلار قىيقىتىپ سەكرەشتى. زىرائەتلەرنىڭ سولاشقان ياپراقلىرى قايتىدىن جانلاندى. سەلەي مىراب ھارغىن ھالدا ئۆستەڭ ياقىلاپ كېلەتتى. يېزىدىكى بىر كېچىدىلا بولغان بۇ غايەت زور ئۆزگىرىش ئۇنىڭ چىرايىدىكى قورۇقلارنى يۇتتۇرۇۋەتتى. ئۇ، ھويلىغا كىرىپلا ئالا توپاقنى ئىزدەپ ئارامسىز مۆرەۋاتقان كالىسىنى كۆرۈپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتەتتى. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇلىقىدا ئارامسىز جاراڭلاپ يۈرىكىنى مۇجۇپ تۇرغان كالىنىڭ مۆرىگەن ئاۋازىنى ھەيۋەتلىك سۇنىڭ مۇزىكىغا ئوخشاش يېقىملىق شارقىراشلىرى بېسىۋالدى. ئالا توپاقنىڭ كارامىتىنى ئويلىغانسېرى، ئۇ بىئارام بولاتتى.

— ئاھ، سۇ! — دېدى ئۇ ئاستا پىچىرلاپ.

1989 - يىل ماي، ئېلىشقۇ — يەكەن



# غەربىي يۇرتنىڭ قەدىمكى بەزى چالغۇ ئەسۋاپلىرى





ئابلەت نۇردۇن

بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەدىمكى زاماندا غەربىي يۇرت (غەربىي رايون) دەپ ئاتالغان بولۇپ، كۇسەن (كۇچا)، قوچو (تۇرپان)، سۇلۇغ (قەشقەر)، ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇشتەك ئەنئەنىسى بىلەن شۆھرەت قازانغان. شۇڭا غەربىي رايون ئەينى چاغدا ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىپ «ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا ماكانى» دەپ ئاتالغان. ئەقىل - پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىز ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا جەھەتتىكى ئاجايىپ سەمەرلىك ئىجادىيەتلىرى بىلەن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان.



غەربىي رايون بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شىنجاڭنىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلىرىغا دائىر مەلۇماتلار خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ خەنزۇچە تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ۋە قەدىمكى دەۋرلەردە ياسالغان مەدەنىيەت مۇزېيخانىلىرى — شىنجاڭدىكى مىڭئۆيلەرنىڭ تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئالايلۇق، كۇچا قىزىل مىڭئۆيىدىكى، قۇمتۇرا مىڭئۆيىدىكى «ئەرشىدىكى نەغمە - ناۋا تەسۋىرى» تام رەسىملىرىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ھەر خىل سازلارنى چېلىپ نەغمە قىلىشىۋاتقان كۆسەنلىكلەرنىڭ مەدەنىي ھاياتى، پىپا، بالىمان، غوڭقا، سۇناي، نەي (يالغۇزەك)، ناغرا، داپ - دۇمباق، قالۇن، چاڭ، راۋاب، جەللە (ئوتتۇرىسىغا تېرە كېرىلگەن مىس تەخسىلىك بىر خىل داپ) قاتارلىق 15 خىل چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئەرشىدە ئۆزلۈكىدىن چېلىنىۋاتقانلىقى تىپىكلەشتۈرۈلگەن. قىزىل قاغا مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىدە بالىمان، غوڭقا قاتارلىق سازلارنى چېلىپ ئەرشىدە پەرۋاز قىلىۋاتقان ھۆر - پەرىلەرنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان. بۇ ماددىي ئىسپاتلار شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي تاپقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

شىنجاڭدا ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بەزى چالغۇ ئەسۋابلىرى، ئالايلۇق، پىپا، نەي، بۇرغا، غوڭقا، بىلى، داپ - دۇمباق قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا ئارقا - ئارقىدىن تارقالغان. تۆۋەندە بۇ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 1. پىپا (باربىت)

خەن، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئەجدادلىرىمىز قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كۆسەن مۇزىكىسىنى، قوچو مۇزىكىسىنى، سۇللۇغ مۇزىكىسىنى، ئۇدۇن مۇزىكىسىنى؛ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئېچۈرغۇل (قۇمۇل) مۇزىكىسىنى ئىجاد قىلغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆسەن مۇزىكىسىنىڭ تەسىرى ئەڭ زور بولغان. تارىخىي كىتابلاردا، كۆسەن مۇزىكىسىنى ئادەتتە 14 — 17 مۇزىكانت ئورۇندايدىغانلىقىنى، پىپا كۆسەن مۇزىكىسىدىكى ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. كۆسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى بىلەن پىپا ئېلىمىزنىڭ مۇھىم، ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. بولۇپمۇ كۇچالىق ئاتاقلىق پىپا ماھىرى ۋە كۈيشۇناس سۇجۇپ مىلادى 577 - يىلى چاڭئەن (شىئەن) بېرىپ كۆسەن چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تونۇشتۇرغان ۋە مۇزىكا ساھەسىدە نۇرغۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبارلانغان.

پىپانىڭ غەربىي رايوننىڭ قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بار. مەسىلەن، «سۇي سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە: «پىپا (琵琶) غەربىي يۇرتتىن تارالغان، ئۇ خۇاشيا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك) نىڭ كونا چالغۇ ئەسۋابى ئەمەس» دېيىلگەن. كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لىيۇشى «نامىلارنى چۈشەندۈرۈش» («释名») ناملىق كىتابىدا: «پىپا ئەسلىدە غۇز (غەربىي يۇرتتا ياشىغان ئۇيغۇر قاتارلىق

مىساللەتلەرنى كۆرسىتىدۇ) لاردىن تارقالغان، ئات ئۈستىدە چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى» دەپ كۆرسەتكەن. پىپا خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشقا باشلاپ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە ئومۇملاشقان ھەتتا شەرقتە ياپونىيىگە تارقىلىپ ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. تەتقىقاتچىلار كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە چېلىنغان پىپالارنىڭ پەرقىنى تېپىپ چىقىپ ئۇلارنى مۇنداق تۆت خىلغا ئايرىغان:

1. تۈز دەستىلىك، بەش تارلىق پىپا 直颈五弦琵琶. 2. تۈز دەستىلىك، تۆت تارلىق پىپا 直颈四弦琵琶. 3. ئەگرى دەستىلىك، تۆت تارلىق پىپا 曲颈四弦琵琶. 4. ئەگرى دەستىلىك بەش تارلىق پىپا 曲颈五弦琵琶.

بۇ خىل ئايرىشتا، ئاساسلىقى پىپانىڭ تارىسى ۋە دەستىسىنىڭ پەرقىلا كۆزدە تۇتۇلغان. پىپالارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، ئىشلەتكەن ماتېرىيال قاتارلىقلارنى نەزەرگە ئالغاندا، تېخىمۇ كۆپ خىلغا بۆلۈش مۇمكىن.

بەش تارلىق پىپا كۇسەننىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن. كوچا قىزىل مىڭئۆيىدىكى ۋە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملىرىدە بەش تارلىق پىپاغا دائىر كۆرۈنۈشلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. مىلادى V - VI ئەسىرلەردە بەش تارلىق پىپا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارالغان بولسىمۇ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە، كىشىلەر ئۇنى ئانچە چالمايدىغان بولۇپ قالغان. «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار» («通典»، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان، 200 جىلدلىق داڭلىق ئەسەر)دا: «بەش تارلىق پىپا كىچىكرەك چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، ئۇ شىمالىي ئەل (北国)دىن تارالغان» دەپ قەيت قىلىنغان. باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردا «شىمالىي ئەل»نىڭ كونكرېت جۇغراپىيىلىك جايلاشقان ئورنى خاتىرىلەنمىگەن بولسىمۇ، خەنزۇچە تارىخنامىلەردە بايان قىلىنغان لۈي گۇاڭ مىلادى 382 - يىلى كۇسەنگە يۈرۈش قىلىپ قايتىشىدا مەشھۇر بۇددا ئالىمى كۇمراجىۋا (344-413)نى ۋە كوچا مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار، غەربىي يۇرتلۇق مەشھۇر مۇزىكانتلاردىن ساۋزىخنۇ، ساۋمىيادا، باھارى ماندا (ئاقارى ماندا)، سۇجۇپ، فېي شېنفۇ قاتارلىقلارنىڭ بەش تارلىق پىپانى ئېلىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار «شىمالىي ئەل» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان غەربىي يۇرتنى كۆرسىتىدۇ دەپ خۇلاسە چىقىرىشىمىزغا كۈچلۈك ئاساستۇر. «تاڭ سۇلالىسى تارىخىدىن مۇھىم خاتىرىلەر» (唐会要) دېگەن كىتابنىڭ 33 - جىلدىدا، قەشقەرلىك پىپا ماھىرى فېي شېنفۇ پىپانى دەسلەپتە زەخمەك بىلەن، كېيىن پەي ياكى قولدا چالغانلىقى زىكىر قىلىنغان. پىپانى قولدا چېلىش قەدىمكى مۇزىكا تەرەققىياتىدىكى ئىجادىيەت بولۇپ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پىپا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان.

جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن كېيىن، غەربىي يۇرتتا پىپاغا ئادەتتە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يىپەك تار ئىشلىتىلگەن. لېكىن بەزىلەر

پىپاغا كىرىچ تار، تورنا سىڭىردىن ئىشلەنگەن تار، ئالتۇن تار (زەرىپەپ تار)نى ئىشلەتكەن. ئالايلۇق، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن ئەنجېنىڭ «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى» دە: «كەييۇەن يىللىرىدا خېي خۇەيجې ئىسىملىك بىر مۇزىكانت بولۇپ، ئۇنىڭ چالغۇ ئەسۋابىنىڭ قورسىقى تاشتىن ياسالغانىدى، ئۇ تورنا سىڭىرىنى تار قىلغان، چالغۇ ئەسۋابنى تۆمۈر زەخمەك بىلەن چالاتتى» دېيىلگەن. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋۇسېڭ يازغان «نىڭگەيجى خاتىرىسى»دە: «فېڭ داۋنىڭ ئوغلى پىپا چالالايتتى، شىزۇڭ خان ئۇنىڭغا پىپا چالدۇرۇپ، ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. ئۇ، پىپاغا قەدىمكىلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە كىرىچ تارنىلا ئىشلىتەتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

غەربىي يۇرتلۇقلار دەسلەپتە پىپاغا تېرە، ھايۋاناتلارنىڭ سىڭىر ياكى ئۈچەيلىرىدىن ئىشلەنگەن تارلارنى ئىشلەتكەن. لېكىن بۇ خىل تارنىڭ تەكشى قىلىپ ئىشلەش تەس بولۇش، ھاۋا تۇتۇلغاندا، يامغۇر ياغقاندا ئوڭاي نەم تارتىپ قېلىپ ئاۋاز سۈپىتىگە تەسىر يېتىپ قېلىشتەك يېتەرسىزلىكلىرى بار ئىدى. يىپەك تارنىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىغا، جۈملىدىن پىپاغا كىرىچ ۋە سىڭىر تارلارنى ئىشلىتىش پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە پىپا چېلىش ناھايىتى ئومۇملاشقان ۋە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن. ئوردا ـ قەسىرلەردە، قاۋاقخانا ـ چايخانىلاردا، ھەممىلا جايدا پىپا ئاۋازى ياڭراپ تۇرغان. جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقە كىشىلىرى ئارىسىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر تۈركۈم پىپا ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان. ئالايلۇق، سۇجۇپ، باھارى ماندا، فېي شېنفۇ، كاڭ كۇنلۇن، ساۋ فامىلىلىك ئۈچ ئەۋلاد پىپا ماھىرلىرى: ساۋباۋ، ئۇنىڭ ئوغلى ساۋ شەنسەي، نەۋرىسى ساۋگاڭ قاتارلىقلار غەربىي يۇرتتىكى كۇسەن، سۇللۇغ، ماغىيانا، كانگىيە (سەمەرقەنت) قاتارلىق جايلاردىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ شۆھرەت قازانغان مۇزىكانتلاردۇر. بۇ ئاز سانلىق مىللەت مۇزىكانتلىرى ئىچكىرىنىڭ مۇزىكا تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

## 2. نەي

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، نەي شىمالىي دىيارلارنىڭ بىر قوۋمى ـ چياڭ(چان) چارۋىچىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتى جەريانىدا ئىجاد قىلغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارالغان. قەدىمكى دەۋردە كىشىلەر نەينى چياڭ قوۋمى ئىجاد قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى چياڭ نېيى» (羌笛) دەپ ئاتىغان. «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى» دە، چياڭلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي ياقلىرى ۋە كۆكشارت (پامىر) ئېگىزلىكى قاتارلىق جايلاردا ماكانلاشقانلىقى قەيت قىلىنغان. رۇچياڭ (若羌) دېگەن نام ھازىرمۇ چاقىلىق ناھىيىسىنىڭ نامى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

كېيىنكى خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مارۇڭ «ئۇزۇن نەي تۇغرىسىدا» دېگەن

ئەسىرىدە: «بۈگۈنكى قوش نەي چىلاق قوۋمىدىن تارالغان» دەپ يازغان. چىلاق قوۋملىرى ياشىغان جايلاردا بامبۇك بولمىغاچقا، ئۇلار قوي - قوش سۆڭەكلىرىدىن نەي ياساپ چالغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا مارالبېشىدىكى توقۇز سارايدىن تېپىلغان سۆڭەكتىن ياسالغان ئۈچ تۆشۈكلۈك نەي بار. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە نەي ياساش تېخنىكىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، تۆشۈكىگە لېپىر (پەردە) يېپىشتۇرۇلغان نەي بارلىققا كەلدى ۋە ئۇ شەرققە ـ چاۋشيەن، ياپونىيىلەرگە تارالدى.

خەنۇۋدى زامانىسىدا ياشىغان ئاتاقلىق مۇزىكانت لى يەننيەن جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن ئېلىپ كەلگەن مۇزىكىلارغا ئاساسەن 28 كۈي ئىجاد قىلغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ كۈيلەردىن نەي بىلەن ئورۇنلىنىدىغان «گۈەنشەن تېغىدىكى ئاي»، «مېيخۇا گۈلى تۆكۈلگەندە» دېگەن ئىككى كۈي ساقلىنىپ قالغان. پەنىنىڭ خانى لى موزېڭ كۆسەنلىك نەيچى ئۇستاز تۇتۇپ كامالەتكە يەتكەن. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى ئۇنىڭغا «نەيچىلەرنىڭ پىرى» دەپ نام بەرگەن.

نەي قەدىمكى زاماندا ھەم قامچا ھەم چالغۇ ئەسۋابى ئورنىدا ئىشلىتىلگەچكە، كىشىلەر ئۇنى نەي قامچا (吹鞭) دەپمۇ ئاتىغان. لى شيەنمارۇڭنىڭ «ئۇزۇن نەي توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدىكى بىر سۆزنى «نەينى قامچا دەستىسى قىلغانلىقتىن ئېلىپ يۈرمەك ئاسان بولدى» دەپ ئىزاھلىغان.

قوي، قوش سۆڭەكلىرىنىڭ ئورنىغا بامبۇكتىن نەي ياساش ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، بامبۇكنىڭ ئۇزۇن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، تۆشۈكى كۆپ ۋە لېپىر يېپىشتۇرۇلغان نەيلەر ياسالدى، نەينىڭ ئاۋاز سۈپىتى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ھەر قانداق شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئوخشاش نەيمۇ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە تەرەققىي قىلدى. چىلاقلارنىڭ نەيىي دەسلەپتە ئۈچ تۆشۈكلۈك، كېيىن بەش تۆشۈكلۈك بولغان. كۇچا مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدە يەتتە تۆشۈكلۈك نەينىڭ بولۇشى غەربىي يۇرتلۇقلارنىڭ نەي تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يەنە تۆمۈر نەي، مىس نەي ۋە قاشتېشى نەي ياسالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى قاشتېشى نەي بىلەن چېلىنغان كۈينى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلىغان.

## 3 غوڭقا

غوڭقا خەنزۇچە كىتابلاردا دەسلەپتە «كەنخۇ» (坎侯)، كېيىنچە «كۇڭخۇ» (箜篌) دەپ يېزىلغان. «سۈي سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە: «بۈگۈنكى ئەگرى دەستىلىك پىپا، تىك غوڭقا غەربىي يۇرتتىن تارالغان، ئۇلار خۇاشيا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك)نىڭ كونا چالغۇ ئەسۋابى ئەمەس» دېيىلگەن. «ئومۇمىي قائىدە - يوسۇنلار»دا: «تىك غوڭقا غۇز (غەربىي يۇرتلۇقلارنى دېمەكچى)لارنىڭ چالغۇ ئەسۋابى، ئۇ پىپادىن كىچىك، 23 تارىسى بار، دەستىسى ئەگرى، تىك، ئۇزۇن، چېكىپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابى» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەلۇماتلار تىك غوڭقا غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە تېمىك غوڭقىسى يېڭى يولىدىكى سودىگەرلەرنىڭ غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا قاتناپ سودا قىلىشى ئارقىلىق ئىچكىرىگە تارقالغان. سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە تېمىك غوڭقىسى كۈسەن مۇزىكىسى، سۇلۇغ مۇزىكىسى، قوچۇ مۇزىكىسى ۋە گاۋلى (چاۋشيەن) مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتا چېلىنغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە غوڭقا ياپونىيىگە تارقالغان. ھازىر ياپونىيىدىكى بىر مۇزېيخانىدا تاڭ دەۋرىدىكى ئىككى غوڭقا ساقلانماقتا.

غوڭقا سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە داۋاملىق چېلىنغان، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئاز چېلىنىدىغان بولۇپ قالغان. يېقىنقى 300 يىلدا غوڭقا ئىستېمالدىن قېلىپ ئىزناسى يوقاپ كەتكەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ مۇزىكا تەتقىقاتى ساھەسىدىكى ئىلمىي خادىملار تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن قەدىمكى مىللىي چالغۇ ئەسۋابى — غوڭقىنى قايتا ياساپ چىققان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، يېڭى ياسالغان غوڭقىنىڭ ئىككى تارىسى، ھەر بىر قۇردا 44 تار بار ئىكەن.

## 4. بىلى

بىلى (بالىمان، 觱篥) كۈسەن (بۈگۈنكى كۇچا ۋە ئۇنىڭغا يېقىن رايونلار)دىكى ئەمگەكچى خەلق ئىجاد قىلغان بىر خىل نەيكەشلىك چالغۇ ئەسۋابى. بىلى دېگەن نام قەدىمكى كۈسەن تىلىدىن خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە ئۆزلىشىپ قالغان. بىلى — ئېلىمىزدە 2000 يىلدىن بۇيان تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقى ياقتۇرىدىغان چالغۇ ئەسۋابىدۇر. ھازىر ئىچكى ئۆلكىلەردە ھېلىمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان گۇەنزى دېگەن چالغۇ ئەسۋابى سەككىز تۆشۈكلۈك ۋە توققۇز تۆشۈكلۈك ئىككى خىل بولۇپ، ئۇلار قەدىمكى كۈسەن چالغۇ ئەسۋابى — بىلىنىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇەن ئەنجيې «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»دە: «بىلى — كۈسەننىڭ چالغۇ ئەسۋابى، ئۇ، چوڭ تۇرۇبىگە كىرىدۇ» دەپ يازغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن دۇيۇ «ئومۇمىي قائىدە — يوسۇنلار»دا: «بىلى ئەسلى كۈسەننىڭ چالغۇ ئەسۋابى، ئۇ بامبۇكنى نەيچە، قومۇشنى باش قىلىپ ياسىلىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر لى چى «ئەنۋەنشيەنىڭ بىلى كۈيىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن» ناملىق شېئىرىدا: «جەنۇبىي تاغدىن بامبۇك كېسىپ ياسىدى بىلى، بۇ چالغۇ ئەسلىدە كۈسەننىڭ ئىدى. تارالدى بىلى كۈيلىرى خەن دىيارىدا، چېلىپ بېرەتتى ئۇنى لياڭجۇلۇق غوزلار» دەپ يازغان. خەنزۇچىسى:

南山截竹为觱篥，　此乐本自龟兹出。　流传汉地曲传奇，　凉州胡人为我吹。

يۇقىرىدىقى مەلۇماتلار بىلىنىڭ كۈسەنلىكلەر ئىجاد قىلغان چالغۇ ئەسۋابى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىلى دەسلەپتە قوي سۆڭىكى، قوي مۈڭگۈزى، كالا مۈڭگۈزى، قۇش سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان، كېيىنچە بامبۇكتا، قومۇشتا، ياغاچتا، پىل چىشىدا، تۆمۈردە، كۈمۈشتە ياسىلىدىغان بولغان.

بەلكى خەن سۇلالىسى، ۋېي سۇلالىسى دەۋرلىرىدە كۈسەندىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارالغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئوردىدىكى ئون چالغۇ ئەسۋابىنىڭ مۇھىم بىر تۈرىگە ئايلانغان. سۇي، تاڭ سۇلالىرى دەۋرلىرىدىكى ئوردا بەزمىلىرىدە ئورۇنلىنىدىغان كۈسەن مۇزىكىسى، ھىندىستان مۇزىكىسى، سۇلۇغ مۇزىكىسى، بۇخارا مۇزىكىسى، قوچو مۇزىكىسى قاتارلىقلارنى ئورۇنداشتا بىلى چېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئەن ۋەنشيەن، ۋىساچىڭ، دۇڭ تىڭلەن، لى كۈينيەن، جېڭ نا، جاڭ يېخۇ، ۋاڭ مانۇ قاتارلىق ئاتاقلىق بىلى چېلىش ماھىرلىرى يېتىشىپ چىققان. بىلى بىلەن ئورۇندىلىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان مۇزىكا ــ كۈيلەر ئىجاد قىلىنغان. شائىر لى چى شېئىر يېزىپ غەربىي يۇرتلۇق مۇزىكانت ئەن ۋەنشيەن بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مۇزىكانتى دۇڭ تىڭلەننىڭ بىلى چېلىش ماھارىتىنى مەدھىيىلىگەن.

بولۇپمۇ ئۇدۇن (خوتەن)لۇق ۋىساچىڭ بىلى چېلىشتا ئالاھىدە داڭ چىقارغان. «مۇزىكا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى»دە: «تاڭ سۇلالىسىنىڭ دېزۇڭ خانى زامانىسىدا ۋىساچىڭ ئوردىدا سانغۇنلۇققا كۆتۈرۈلگەنلىكى، دالى يىللىرىدا يۈنجۇ ئايىمىقىدا ۋاڭ مانۇ ئىسىملىك بىرسىنىڭ بىلى چېلىشتىكى ماھىرلىقى بىلەن خېلىدا داڭ چىقارغانلىقى، باشقىلار ۋاڭ مانوغا ۋىساچىڭ بىلەن بىلى چېلىشتا مۇسابىقىلىشىپ بېقىشنى ئېيتقاندا، ۋاڭ مانو: «مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بەسلەشكۈدەك ئىقتىدارىم يوق،» دەپ رەت قىلغانلىقى، كېيىن ئۇلار قەدىناسلاردىن بولۇپ قالغانلىقى ئېيتىلغان. ئەينى چاغدا بىلى چېلىش جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەبىقە كىشىلىرى ئىچىدە خېلى ئومۇملاشقان. ھەتتا تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋېنزۇڭ خانىمۇ بىلى چېلىش ماھىرى بولۇپ قالغان.

بىلى كېيىنچە ئېلىمىزدىن چاۋشيەن ۋە ياپونىيىگە تارالغان. بۇنىڭدىن غەربىي يۇرتنىڭ مۇزىكىسى شەرق دۆلەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

## 5. ئۇرۇپ چالىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى

غەربىي يۇرتنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىچىدە جېيېلارنىڭ داپ ـ دۇمبىقى (羯鼓) مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «جېيېلارنىڭ داپ ـ دۇمبىقى ھەققىدە خاتىرە» («羯鼓录») دېگەن كىتابتا: «جېيگۇ جېيېلاردىن تارالغان. ئۇ، جېيېلارنىڭ نامى بىلەن جېيېلارنىڭ داپ ـ دۇمبىقى دەپ ئاتالغان» دېيىلگەن. «ئومۇمىي قائىدە ـ يوسۇنلار» دا بولسا: «جېيگۇ سۇغىغا ئوخشايدىغان، ئىككى تەرىپىگە ئۇرۇپ چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ، جېيېلاردىن تارالغان، تاياق بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. كېيىنكى مەلۇماتتا دۇمباق كۆزدە تۇتۇلغانلىقى ئېنىق.

غەربىي رايوندا ياشىغان جېيېلار يەنى ياۋچىلار (يۇرچىلەر، 胝人) ئەسلىدە ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن ياشاپ كەلگەن قوۋم بولۇپ، ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قول قىلىشى ۋە زۇلۇمىغا چىدىماي، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 174 ـ يىلى غەربكە كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلاردىن چوڭ ياۋچىلار ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەن. كېيىن ئۇلار جەنۇبىي ئاسىياغا بارغان. كىچىك ياۋچىلار بولسا تارىم

ئويمانلىقى بويلىرىدا ماكانلىشىپ تېرىكچىلىك قىلغان. كۇسەن رايونىدىمۇ بىر مۇنچە ياۋچىلار ياشىغان. كۇسەن (qiuzhi) دېگەن خەتنىڭ ئوقۇلۇشى ياۋچى (月氏، youzhi) دېگەننىڭ ئوقۇلۇشىغا يېقىن كېلىدۇ. جېڭگۇ ياۋچىلارنىڭ مۇزىكىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ غەربكە كۆچۈشى بىلەن كۇسەن مۇزىكىسىغا ئايلانغان ھەمدە كۇسەن مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتىكى ئاساسلىق چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ قالغان.

جېڭگۇ جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا تارقىلىشقا باشلاپ، سۇي - تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە خېلى ئومۇملاشقان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە كۇسەن مۇزىكىسى، قوچو مۇزىكىسى، سۇللۇغ مۇزىكىسى ۋە ھىندىستان مۇزىكىسىنى ئورۇنداشتا جېڭلارنىڭ داپ - دۇمبىقى چېلىنغان. بۇ خىل چالغۇ ئەسۋابى تاغ ئۈجمىسىنىڭ ياغىچىدا ياسالغان بولۇپ، شەكلى سۇغىغا ئوخشاش بولىدۇ. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە، بۇ خىل دۇمباقنى ئىككى قول بىلەن ئىككى تاياقتا ئۇرۇپ چالىدىغانلىقى ئېيتىلغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «مىڭشى خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابتا بۇ خىل دۇمباقنىڭ سول تەرىپى تاياق بىلەن، ئوڭ تەرىپى قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان. «يازما يادىكارلىقلار ئۇستىدە ئومۇمىي مۇھاكىمە» («续文献通考») دېگەن كىتابتا جېڭگۇنى: «تۆمۈردىن ياسالغان گەردىشىنىڭ بىر يۈزىگە تېرە قاپلىنىدۇ، ئۇنى 15 كىشى چالىدۇ، ئۇلار ئارىسىدا ئاياللارمۇ بار. ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق چىقىدۇ» دەپ تونۇشتۇرغان. بۇ مەلۇماتتا داپ تونۇشتۇرۇلغانلىقى ئېنىق. بۇ يەردە خەنزۇچىدىكى گۇ (鼓) خېتىنىڭ ھەم داپ ھەم دۇمباقتىن ئىبارەت ئىككى چالغۇ ئەسۋابىنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى ئىكەنلىكىنى، ئالدىغا باشقا ئېنىقلىغۇچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۇلار بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەت.

سۇي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئوردىدا، خەلق ئارىسىدا، پادىشاھلاردىن پۇقرالارغىچە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان كەيپىيات شەكىللەنگەن. «تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى غەربىي يۇرت مۇزىكىسى ئاڭلاشقا، داپ - دۇمباق چېلىشقا مەستانە بولۇپ كەتكەن. ئۇ، جېڭلارنىڭ داپ - دۇمبىقىنى سەككىز ئاھاڭنىڭ يولباشچىسى، مۇزىكىلارنى ئورۇنداشتا ئۇ بولمىسا بولمايدۇ» دېگەن («تاڭ سۇلالىسىنىڭ يېڭى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»). ئۇ، داپ - دۇمباق چېلىشنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە داپ - دۇمباق بىلەن ئورۇنلىنىدىغان «باھار نۇرى ياخشى» قاتارلىق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغان.

غەربىي يۇرتنىڭ داپ - دۇمباقلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چەت ئەللەرگىمۇ تارالغان. ئۇ، خەنزۇلارنىڭ، شۇنداقلا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ مۇزىكا سەنئىتىنى بېيىتقان.

## پايدىلانغان ماتېرىياللار

1. جاۋشىچېن: «قەدىمكى چالغۇ ئەسۋابلاردىن غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغا نەزەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئايلىق خەنزۇچە ژۇرنال) 1987- يىل 11- سان (ئومۇمىي 241- سان)».

2. گۇ باۋ: «مەملىكىتىمىزنىڭ شىمال تەرەپلىرىدىكى

ئەدەبىيىتى، كۈچەدىن چارۋىچىلار ۋە شىنجاڭ- دىكى بىر قانچە خىل چالغۇ ئەسۋابلىرى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1979- يىل تۇنجى سان.

3. ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»

4. جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن تام رەسىملىرىدىن تەرسالەر»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (پەسىللىك ژۇرنال) 1986- يىل 2- سان.

5. مۇھەممەت مۇسا: «بۇددىزم دەۋرىدىكى كۇسەن پىياسى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1986- يىل 2- سان.

6. ۋۇ پىڭفەن، جۇ يىڭرۇڭ: «كۇسەن تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار»، شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى نەشرى.

قوشۇمچە: كۇسەن مىڭئۆيلىرىدىكى تام رەسىملىرىدىن پارچىلار





# سۆيگۈجان



(بىر پەردىلىك «قاراقوشۇن»لار دراممسى)

ۋاقتى: 1680 - يىلى، كۈز.

**نەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن:**

بۇ دراممىنىڭ ئەسلى ئاپتورى نەمەلۇم. ئېھتىمال، ئاپتورى خوجىلارنىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ ئىسمى شەرىپىنى يوشۇرغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇ دراما چاقىلىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى «قارا قوشۇن» لار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، ئومۇملاشقان. بۇ دراممىنى بۇرۇنقى كونا جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆزۈن كېچىلەردە ئۆزلىرىنىڭ قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى بېسىش، دەرد - ئەلەملىك كۆڭلىگە ئارام بېرىش مەقسىتىدە بىر يەرگە يىغىلىپ، چوڭ ئايۋانلاردا پىلىلداپ تۆرغان جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ناھايىتى ئاددىي ھالدا ئويناپ چىققان. ئەسەرنىڭ



مەزمۇنى: ئاپپاق خوجا ۋە سوپىسى - ئىشانلار ئۈستىدىن قىلىنغان، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇلىنىپ كەلگەن بەدىئىي تارىخ - سەھنە سەنئىتى شەكلىدىكى قانلىق شىكايەتتۇر. بۇ دراممىنى مەنمۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن كۆپ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. شۇڭا خەلقىمىزنىڭ بۇ ئېسىل سەنئەت بايلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرۇش نىيىتىدە بۇ تارىخىي دراممىنى رەتلەپ، قەلەمگە ئالدىم. ئەسلى ئەسەرنىڭ قوشاق قىسمى كېيىنكى چاغلاردا، خۇسۇسەن ئاپپاق خوجىغا ئائىت قىسمى ئېلىپ تاشلانغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ سىياسىي ۋە ئەدەبىي قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. شۇڭا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئىزدىنىش ئارقىلىق بىر قىسىم قوشاقلارنى تېپىپ قايتا رەتلەپ چىقتىم.

## قاتناشقۇچىلار

| | | |
|---|---|---|
| سۆيگۈجان * | ئايال | 22 ـ 23 ياشلاردا. |
| سارىخان | سۆيگۈجاننىڭ ئانىسى | 45 ـ 46 ياشلاردا. |
| ھەسەن | سۆيگۈجاننىڭ ئۇكىسى | 15 ـ 16 ياشلاردا. |
| خۇدابەردى | يەرلىك ئونبېشى | 45 ياشلاردا. |
| يۈز بېشى | يۇرت ئاقساقىلى | 55 ياشلاردا. |
| زۆرىخان | يۈز بېشىنىڭ ئايالى | 50 ياشلاردا. |
| سۇپۇرگى | يۈز بېشىنىڭ مالىيى | 40 ياشلاردا. |
| مەھمۇد | مۇساپىر يىگىت | 30 ياشلاردا. |

ئەر - ئايال پۇقرالار، يۈز بېشىنىڭ بالا-چاقىلىرى ۋە باشقىلار.

سەھنە كۆرۈنۈشى:

يۈز بېشىنىڭ سەھراچە سېلىنغان پېشايۋانلىق ھويلىسى. سەھنىنىڭ بىر تەرىپىدە پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىدا يۈز بېشى مۈگدەپ ئولتۇرىدۇ. ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە كىچىك بىر ئېغىز ئۆي كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. سوقماق ھويلا تېمىنىڭ يېنىدا مالاي پالتا ساپلاش بىلەن ئاۋارە. ھويلا تېمىنىڭ ئارقىسىدىن توغراق، تېرەك، جىگدە قاتارلىق دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ كەچكۈزدىكى قىزىرىپ پىشقان جىگدە مېۋىسى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. كەكىنىڭ پالتا سېپىغا ئۇرۇلغان تاك - تاك ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، كەچكى شەپەق تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. پەردە ئېچىلىشى بىلەن تۆت ئادەم سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسى يەرلىك ئونبېشى خۇدابەردى، يەنە بىرسى، رەڭگىدىن جەسۇرلۇق چىقىپ تۇرىدىغان، قولىدا بوغجىما كۆتۈرۈۋالغان ياش، چىرايلىق ئايال، ئۈچىنچىسى، ئۆزى چىرايلىق بولسىمۇ رەڭگى سولغۇن، كۆپ دەرد-ئەلەم تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئايال، تۆتىنچىسى، مۈرىسىگە خۇرجۇن ئارتقان، بىر قولىدا راۋاب تۇتقان ئوغۇل بالا بولۇپ، ئۇلار ئونبېشىنىڭ كەينىدىرەك تۇرىدۇ. بىر قاراش بىلەن ئۇلارنىڭ يىراق يول يۈرۈپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

**خۇدا بەردى:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۈزبېشى.

**يۈز بېشى:** ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. (ئۇ، كۆزىنى ئېچىپ، بۇ ناتونۇش كىشىلەرگە سىنچىلاپ قارايدۇ. ئونبېشىدىن سورايدۇ) بۇلار كىم؟

**خۇدا بەردى:** مۇساپىر ئىكەن. مەھەللىدە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپتۇ، ئالدىلىرىغا

* «قارا قوشۇن»لار ئاياللارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «جان» قوشۇمچىسىنى ئۇلاپ چاقىرىدۇ.

باشلاپ كەلدىم.

يۇز بېشى: سىلەر كىم؟ نەدىن كەلدىڭلار؟

سۆيگۈجان: (ئەدەپ بىلەن) مېنىڭ ئىسمىم سۆيگۈجان. بۇ مېنىڭ ئانام سارىخان. ماۋۇ مېنىڭ ئىنىم ھەسەن. يۇرتىمىز چۈمبۈس ①.

يۇز بېشى: چۈمبۈس...چۈمبۈس دېگەن نەدە؟ خوپ. ئولتۇرۇپ سۆزلەڭلار. (ئۇ، قولى بىلەن سۇپىنى كۆرسىتىدۇ).

سۆيگۈجان: قەشقەردە (ئۇلار ئەدەپ بىلەن سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرىدۇ. سارىخان «شۈكرى» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدۇ).

يۇز بېشى: چۈمبۈسنىڭ زىرائەتلىرى قانداقراق؟

سۆيگۈجان: بولغان يېرىنى تورغاي ئۈگدا يېتىپ يەيدۇ. بولمىغان يېرىنى تورغاي دۈم يېتىپ يېسىمۇ ئاغزىغا چىقماي موچۈندا ② كولايدۇ.

يۇز بېشى: نېمە ئۈچۈن؟ يېرىڭلار شۇنداق ئەسكىمۇ؟

سۆيگۈجان: ياق. يەر ئەسكى ئەمەس، ئەر ئەسكى. ئىشلەيدىغان ئادەم يوق.

يۇز بېشى: كېيىنكىزنى چۈشەنمىدىم. ئادەملەر نەگە كەتتى؟

سۆيگۈجان: ئەرلەر جەڭدە ئۆلدى. ھايات قالغانلارنى ئاق تاغلىق سوپىلار بىلەن جوڭغارلار قىرىپ تاشلىدى. يۇرت بۇلاڭ - تالاڭ قىلىندى. ھەممە نەرسە ۋەيران بولدى.

يۇز بېشى: توختا قىزىم، جوڭغارلار، ئاق تاغلىق سوپىلار دېگىنىڭ كىم؟

سۆيگۈجان: جوڭغارلار - تاجاۋۇزچى قالماقلار، ئاق تاغلىق سوپىلار - مۇسۇلمان ساتقىنلار (ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچى بولىدۇ. سارىخان قىزىنى توختىتىپ قويىدۇ).

سارىخان: توختا قىزىم، ئۇكاڭ سۆزلەپ بەرسۇن. قېنى ئوغلۇم مۇنۇ تاغاڭغا كۆرگەن-بىلگىنىڭنى ئېيتىپ بەرگىن.

ھەسەن: (راۋابقا تەڭكەش قىلىپ، قوشاق باشلايدۇ. ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلاپ سەھنىگە بىر قانچە ئەر - ئايال ۋە ئۇششاق بالىلار كىرىدۇ. ناخشا ئەۋجىگە چىققانچە كىشىلەرنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ غەزەپلىك تۈسكە كىرىدۇ. سارىخان بىلەن سۆيگۈجان يىغلايدۇ. يۇز بېشىمۇ ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ ھەدەپ ساقىلىنى قاماللايدۇ.)

يۇرتىمىز ئىدى ئاۋات،
تۇردۇش ئىدى باياشات.
باغلار ئىدى باراقسان،
ئېتىزلىقلار گۈلىستان.

ئىش - ئەمگەكلەر قايناپتتى،
ئىشلەپ دېھقان ھارمايتتى.
يازدا ئىشلىگەن دېھقان،
كۈزدە ياغنى چايناپتتى.

بېسىپ كەلدى «قونتاجى» ③،
ئونىڭ لەشكەر كەينىدە.
يول باشلاپتۇ ئىشانلار ①،
قانلىق قىلىچ بېلىدە.

ئوت ئىچىدە شەھەرلەر،
باغلار بولدى باياۋان.
ئاتلار جەڭدە ئۆلۈپ،
خوتۇن - بالىلار ناتەۋان.

ئارسلانلار كېپەنسىز،
ئات ئايىغىدا قالدى.
تۇل خوتۇن - يېتىملارنىڭ
كۆز ياشى دەريا بولدى.

ئېتىز - قىرلار چەيلەندى،
ئالتۇن باشلار يەنچىلدى.
دەريا - دەريا قان ئېقىپ،
يۈرەك - باغىر داغلاندى.

---

① چۈمبۈس — قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەھەللە. ② موچۈن — زەرگەرنىڭ كىچىك قىسقۇچى. ③ قونتاجى — جوڭغار ئىستىلاچىلىرىنىڭ باشلىقى غالدان سېرېن.
④ بۇ يەردە خوجا ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپپاق خوجا) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

يۈرەك بولدى لەختە قان،
تۇرغان يېرىمىز زىندان.
«زامانە بولدى زورنىڭ،
تاماشا بولدى كورنىڭ».

دادام ئىدى ھۆرمەتلىك
يۇرت ئاتىسى — يۈز بېشى.
ئاكام ① ئىدى مەرد يىگىت،
باباق سۇلتان ② نەۋكىرى.

ئۆلتۈرۈلدى ھەممىسى،
جۇڭغارلارنىڭ قولىدا.
شېھىت بولدى خالايىق،
سۇلتان خوجام ③ يولىدا.

ئاق تاغلىق سوپىلار،
تارتىپ ئالدى ھەممىنى.
كۆردۈڭلارمۇ خالايىقلار،
«ئاپپاق خوجا» دەللىنى.

«ئەۋلىيا» دەپ ئۆزىنى،
جۇڭغار غالچىسى ئاپەت.
قىلغان ئىشى قالماقتەك،
مۇسۇلمان بولغىنىڭ لەنەت.

ئۆيلىرىمىز كۆل بولدى،
باغلار بولدى ۋەيرانە.
ئېتىزلاردا گىياھ يوق،
بولدۇق شۇنداق سەرسانە.

باشقا كەلدى قىيامەت،
خۇدا قىلسۇن ئىنايەت.
ئەجەب بىر زامان بولدى،
يۇرت بىزگە هارام بولدى.

پەلەك چارقى تەتۈركەن،
سەرگەردان بولۇپ چىقتۇق.
يۇرت ئېتىكى كەڭرىكەن،
سىلەرگە سېغىنىپ چىقتۇق.

(ھەممەيلەن كۆز يېشى قىلىدۇ ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتىپ خەيرخاھلىق بىلدۈرىدۇ.)

يۈز بېشى: خۇش كېلىپسىلەر، سىلەرنى قارشى ئالىمىز.

(باشقىلارمۇ يۈز بېشىنىڭ سۆزىنى تەكرارلايدۇ. سۆيگۈجان بىلەن ئانىسى ئورنىدىن تۇرۇپ، جامائەتكە رەھمەت ئېيتىدۇ.)

يۈز بېشى: خوتۇن، قېنى سەن؟!

زۆرىخان: مانا مەن، دادىسى.

يۈز بېشى: نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن؟ داستىخان ئېلىپ چىق، مېھمانلار غىزالانسۇن.

(زۆرىخان ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ ۋە ھايال ئۆتمەي داستىخاندا نان، قېتىق ۋە بىر نەچچە تاۋاق كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. مالاي مىس چۆگۈندە سۇ ئېلىپ كېلىدۇ.)

زۆرىخان: قېنى، مەزىگە بېقىشسىلا مېھمانلار. (مېھمانلار غىزاغا ئولتۇرىدۇ. باشقىلار سىرتقا چىقىپ كېتىپ، بىرسى كىگىز، بىرسى يوتقان، يەنە بىرلىرى تەكيە قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىدىپ «ئاز بولسىمۇ» دەپ قويۇپ چىقىپ كېتىدۇ. سەھنىدە يېڭى كەلگەن ئۈچەيلەن ۋە يۈز-بېشى ئەر-خوتۇن قالىدۇ.)

يۈز بېشى: ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ. غەيرەت قىلىپ ياشاش كېرەك. ھازىرچە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭلار. ئەنە

① بۇ يەردە سۆيگۈجاننىڭ ئېرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② شۇ چاغدا باباق سۇلتان قەشقەرنىڭ ھاكىمى ئىدى. ③ بۇ يەردە سۇلتان ئىسمائىلخان كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئاۋۇ ئۆيدە تۇرساڭلار بولىدۇ (ئۇ، ھويلىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئۆينى كۆرسىتىدۇ). سىزمۇ، قىزىڭىزمۇ ياش ئىكەنسىلەر. بىزدە «قاغا تۇل خوتۇننىڭ بېشىدا قاقىلدايدۇ» دېگەن تەمسىل بار. ئەگەردە مالال كۆرمىسەڭلار مېنىڭ بىر مەسلىھەتىم بار (يۈز بېشى ساردىخانغا قارايدۇ).

**ساردىخان:** ياخشى مەسلىھەت بولسا، قولقىمىز ئۆزلىرىدە.

**يۈز بېشى:** مۇشۇ يەردە مەھمۇد ئىسىملىك بىر يىگىت بار. سىلەر تەرەپتىن كەلگەن. ئەسلىدە خاننىڭ لەشكىرى ئىكەن. ئۇمۇ قېچىپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىنمۇ بەزى گەپلەرنى ئاڭلىغانىدۇق. دىلىدا ئىمانى، قولىدا گۈلدەك ھۈنىرى بار يىگىت. ھەممە ئىش قولىدىن كېلىدۇ. بىر يېرىم يىلدىن بۇيان ھالال ئىشلەپ بىر نەچچە قوي، بىر ئات قىلىۋالدى، ئۆي سېلىۋالدى. رازى بولساڭلار قىزىڭىزنى شۇنىڭغا چېتىپ قويساق قانداق؟

**ساردىخان:** خوش . . . سىلە ئاتا، بىز بالا، لېكىن سۆيگۈجان نېمە دەيدىكىن؟ (ھەممەيلەن سۆيگۈجانغا قارايدۇ. سۆيگۈجان يەرگە قاراپ ئولتۇرىدۇ.)

**يۈز بېشى:** سىلەر ئاۋۋال مەھمۇدنى كۆرۈپ بېقىڭلار. ھاي سۈپۈرگى، قېنى سەن؟

**سۈپۈرگى:** لەببەي بېگىم، مانا مەن (ئۇ، سىرتتىن كىرىدۇ).

**يۈز بېشى:** سەن بېرىپ مەھمۇدنى چاقىرىپ كەل.

**سۈپۈرگى:** ئوبدان. (ئۇ، سىرتقا ماڭىدۇ ۋە ھايال بولمايلا مەھمۇد بىلەن كىرىپ كېلىدۇ. مەھمۇد ئېگىز بويلۇق، قارا قاش، قىسقا بۇرۇتلۇق كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، كېلىپ يۈز بېشىغا سالام بېرىدۇ. سۆيگۈجان ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن قارايدۇ ۋە رەڭگىدىن رازىلىق چىقىپ تۇرىدۇ.)

**مەھمۇد:** ئەسسالامۇئەلەيكۇم يۈز بېشى. مېنى چاقىردىلىمۇ؟

**يۈز بېشى:** شۇنداق. ماۋۇ مېھمانلار سېنىڭ يۇرتلۇقىڭ ئىكەن، تونۇشۇپ قوي.

**مەھمۇد:** خوش كېلىشىپتىلا ئاچا (ناتونۇش ئايالغا سالام بېرىدۇ).

**ساردىخان:** سالامەتمۇ سىلە، بالام، ئوبدان تۇرۇپتىلا؟

**مەھمۇد:** خۇداغا شۈكرى.


**يۈز بېشى:** مەھمۇد مېھمانلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئاۋۇ ئۆيگە جايلاشتۇرۇشۇپ بەر. ئۇلار ئارام ئالسۇن. قالغان گەپنى كېيىن قىلىشارمىز.


(مەھمۇد سۈپىدىكى نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. قالغانلار ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.)

---

رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچى: **سۇلايمان ئابدۇرېھىم**






ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

## 1

«ئىجادىيەت يولدىن ئىبارەت. ئەمما، ھەر قانداق يول ئىجادىيەت بولۇۋەرمەيدۇ. گەپ، ئىجادىيەت يولىنىڭ كەچۈرمىشىدە ئەمەس، بەلكى، ئىجادىيەت يولىنى بايقاۋېلىشنىڭ كەچۈرمىشىدە»

— «ئىجادىيەتنامە» دىن

ئۇيغۇر مىللىتى — دۆلىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن بىللە ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات تارىخىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئەمدىلىكتە زامانىۋى سوتسىيالىستىك مىللەت بولۇپ تاكامۇللىشىش ۋە تېخىمۇ گۈللىنىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. خەلقىمىز باشتىن كەچۈرگەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆتمۈش تارىخى بىلەن، ئۇ يۈزلىنىۋاتقان ئىككى يېڭى تارىخىي شەيئى-سوتسىيالىزم بىلەن زامانىۋىلىشىش-سوتسىيالىستىك، زامانىۋى، مىللىي مەدەنىيەت ئۈچبۇرجىكى مۇناسىۋىتىنى ھاسىل قىلماقتا.



روشەنكى، سوتسىيالىزم پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى، ئوخشاشلا ئېلىمىز خەلقلىرى كۆرەش تارىخىنىڭ مۇئەييەنلەشكەن داۋامى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردىنبىر، ئەڭ ئەۋزەل ئىجادىيەت ئىقبالى. بۇ، مەسىلىنىڭ ئاساسلىق بىر تەرىپى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە، سوتسىيالىزم تېخى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا، ئۇ ھازىرغىچە يېتىلگەن، مۇكەممەل بىرەر تىپىك ئۈلگىگە ئېرىشمىگەن يېڭى شەيئى. ئۇ داۋاملىق تارىخ دولقۇنلىرىدا تاۋلىنىپ ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ نۇرانە كېلەچىكى ئىكەنلىكىدە شۈبھە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، مەسىلىنىڭ يەنە بىر كونكرېت تەرىپى.

زامانىۋىلىشىش دۇنيا خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي تەرەققىيات ھادىسىسىگە ئايلىنىپ قالدى. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىمۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىمۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىمۇ زامانىۋىلىشىش ياكى داۋاملىق زامانىۋىلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. زامانىۋىلىشىش ئوخشىمىغان ئىجتىمائىي تىپقا، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تىپىغا، ئوخشىمىغان مىللىي-مەھەللىي تىپقا بۆلۈنگەن. زامانىۋىلىشىش ھادىسىسى كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىشقا ۋە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ماۋزۇ بولۇپ قالدى.

ئەلۋەتتە، قەدىمىيەت-تارىخىمىزنىڭ ئۆتمۈشى بولۇپ قالدى. ئۆتمۈشنى ئەينەن ياكى مەزمۇنەن مۇتلەقلەشتۈرۈپ قايتا قۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۆتكەنكى تارىخىمىزدا خەلقىمىز ياراتقان باي ۋە رەڭگارەڭ مەدەنىيەت بايلىقلىرىمىز نىسپىي ۋە زامانە نۇقتىسىدىن ئۆتمۈشتىكى ھاياتىمىز ۋە ئىجادىيەت سەمەرىمىزنى ئىپادىلىگۈچى ئىپتىخارلىق پاۋلىئونغا ئايلىنىپ باردۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە بۇنداق مىللىي مەدەنىيەت بايلىقىمىزنىڭ ئۆلمەس ئۆزىكى بولغان كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلەر، بىزنىڭ ھازىرقى ۋە بۇندىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئۇلى، تەركىبىي قىسمى. ئۇ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ گۈل-چېچىكىگە سىڭىپ داۋاملىق جارى قىلدۇرۇلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئىجتىمائىي ھاياتىمىز، تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىمىز ۋە پىسخىك ئادەت چۆكمىلىرىمىز ئىچىدە تەنقىدىي ياندىشىشقا، ئىرغىتىپ تاشلاشقا، ساۋاق قوبۇل قىلىپ ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك بولغان بىر قاتار غەيرىي نۇرانە سەۋەنلىرىمىز، ئىللەتلىرىمىزنىڭ بارلىقىغىمۇ كۆز يۇمالمايمىز. مىللىتىمىز زامانىۋى ئاڭ ۋە مەدەنىيەتكە مۇيەسسەر بولۇشتىكى ھەر بىر باسقۇچىدا بۇ سەۋەن ۋە ئىللەتلەر توغرىسىدا ئاڭلىق تەپەككۇرغا ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ «غىلاب بەندىسى» بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

مىللەت، بولۇپمۇ مىللىي مەدەنىيەت ئۆز تەرەققىياتىدا دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ئۈچ مەسىلە-ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەت بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىشىمىز جەريانىدا بىر گەۋدە بولۇپ، مىللىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ھازىرقى زامان مىللىتى كامالىتىگە ئېرىشىشىنىڭ ئۇلىنى تۈزىدۇ. مەلۇم مەنىدە بۇنى ئۇيغۇر خەلقى تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇقەررەر تەقەززاسى ۋە بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭلىق پائالىيىتى دېيىش مۇمكىن. بۇ، ھازىرقى كۈندە خەلقىمىز ياقلاپ چىقىشى لازىم بولغان ئورتاق ئىجادىيەت يولى.

ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرى 30 - يىللاردىلا «مىللىي، ئاممىۋى، پەننىي مەدەنىيەت» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ، ئەينى يىللاردىكى قايىنام - تاشقىنلىق مەدەنىيەت - سەنئەت دولقۇنىنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مەنىۋى جاسارىتىنى ئۇرغۇتقانىدى. بۈگۈنكى كۈندە مىللىي، سوتسىيالىستىك، زامانىۋى مەدەنىيەت ئۈچبۇرجىكى تەشەببۇسى خەلقىمىزنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلىش بىلەن بىللە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقىغا ئىلھام بېغىشلايدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، بىر قىسىم كىشىلىرىمىز گەرچە ئېغىز يۈزىدە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ بىر گەۋدە قىلىنىشى پرىنسىپىنى قوللىسىمۇ، ئەمەلىي خىزمەتلەردە ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قويىدۇ، بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسى ئورنىغا دەسسىتىپ قويىدۇ ياكى بىرىنى باشقىلىرىغا زىت قىلىپ قويىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق مۇھىم ۋە ئۇيغۇر تارىخىي بىناكارلىق تۈزۈلمىسىدىكى ھەر قانداق بىر تەرەپلىمىلىك ئېغىشلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان جازا بەدەللىرى ئېغىر بولىدۇ. مۇھىم ئويغىنىش دەۋرلىرىدىكى بەزى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئەيىبلىنىشى ئۇنىڭ پەقەت بىرلا تەرىپى. شانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى يوقىتىپ قويۇش، ياكى ھازىرقى زامان مەدەنىيەت مەلىكىسىدىن مەھرۇم قېلىش-مانا بۇ ئۇنىڭ ئاساسلىق تەرىپى. بۇ جازانى پۈتۈن بىر دۆلەت، پۈتۈن بىر مىللەت بىر قانچە ئەۋلادقىچە تارتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر ئۆز ئاداشتۇرغۇچىلىرىنى، خۇددى ئۇيغۇر خەلقى بۈگۈنكى كۈندە بىر زامانلاردىكى بەھەيۋەت «پىرى ئۇستاز» دەبدەبىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھىدايىتۇللا خوجىنى ئەيىبلەشكە كىرىشكەندەك لەنەت تاختىسىغا ئەبەدىيلىككە مىخلىشىدۇ. روشەنكى، ئۆز تارىخىدىن لەنەت ۋە شۆھرەت نامايەندىلىرىنى داۋاملىق بايقاپ تۇرمىغان مىللەت خامۇش مىللەتتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، ئۈچۈر دەۋرى، ھازىرقى زامان سېلىشتۇرما ئېڭى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللىي مەدەنىيەت ئۆركىشى مۇنداق خامۇش ئۇيقۇ جاھالىتىگە تېز سۈرئەتتە بەرھەم بەرمەكتە.

## 2

«ھەر بىر مۇھتاجىنىڭ ئىجادىيىتى ئۇنىڭ مۇھتاجلىق ھالىتى ۋە ئۇنىڭ بەھرىمەنلىك ئىقتىدارىغا يارىشا بولىدۇ. ۋەھالەنكى، نومۇس سېزىمى ۋە ئۆزىنى بىلىش ئېڭى — ھەقىقىي ئىجادىيەتنىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت.»

— «ئىجادىيەتنامە» دىن

ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، زامانىۋى مەدەنىيەت مەسىلىسىدە بىزگە ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەت بىر قەدەر تونۇشلۇق بولۇپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى مەدەنىيەت ھەر ئىككىسى يېڭى شەيئىدىن ئىبارەت. بۇنداق دېگەنلىك ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە نىسبەتەن بىز سىستېمىلىق، ئەتراپلىق، ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولدۇق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىز تېخى ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيەتكە ۋە بۇ خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا تۇرۇۋاتقان مىللىتىمىزگە نىسبەتەن تەلتۆكۈس «زۆرۈرىيەت ئالىمىدىن ئەركىنلىك ئالىمى»گە كۆتۈرۈلگەن «ئۆز - ئۆزىگە قارىتىلغان ئاڭ»غا ئىگە ئەمەسمىز. بۇ مەسىلىدە ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالدىماسلىقىمىز، بەزلىمەسلىكىمىز لازىم. بىر مۇنچىلىغان كىشىلەر ئۆز - ئۆزىنى ئالداش ۋە بەزلەشنى مىللىي

ئىپتىخار تېماتىكىسى قىلىنىشىۋالىدىغان ئىچىنىشلىق چەمبەرنى بۆسۈپ چىقالىغىنى يوق.

مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا، مىللەتنىڭ سوتسىيالىستىك، هازىرقى زامان مەنىۋى مەدەنىيىتى بىناكارلىقىدا هالقىلىق ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ماھىيەتتە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئەقلىي - ئىدراكىنىڭ، نومۇس - ئىپتىخارىنىڭ، ئىلگىرىلەش جاسارىتىنىڭ، ھاياتىي ئىقتىدارىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھەم ئەڭ ماھىيەتلىك ئۇچۇرىدىن ئىبارەت.

مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشى تولىمۇ كەڭ تېماتىكا. ئۇ ئۆز مىللىتىگە بولغان ھېسسىي مۇھەببىتىنىمۇ، ئەقلىي مۇھەببىتىنىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ، تاشقى گارمونىيىسىنىمۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىنىمۇ، كەلگۈسى تېخىمۇ يىراق راۋاجلىنىش شەرتلىرىنىمۇ ھەممە جەھەت قىلىنغان بولۇشى لازىم. بۇ جەھەتتە بىر مەھەللىك قىزغىن ھېسسىياتقا بېرىلىشتىن، ئارازلاش كەيپىياتىغا چۆكۈشتىن، ئۆتمۈشنى ئىلاھىيلاشتۇرۇۋېرىشتىن ھېچقانداق ئەمەلىي ۋە ھەقىقىي مېۋىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. مىللىي مەدەنىيەت مەسىلىسىدىمۇ ماكان بىلەن زامان، مەزمۇن بىلەن شەكىل، ماھىيەت بىلەن ھادىسە، ئۆتۈپ كەتكۈچى بىلەن چۆكمە ھاسىل قىلغۇچى، قاتلام بىلەن چەمبەر، ئومۇمىيلىق بىلەن خاسلىق، ئىنكار قىلىش بىلەن ۋارىسلىق قىلىش، جارى قىلىش بىلەن ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش بىلەن چەكلەش، قوبۇل قىلىش بىلەن تەسىر كۆرسىتىش، ھەزىم قىلىش بىلەن تۆھپە قوشۇش، ئۆز - ئۆزىنى گەۋدە قىلىش بىلەن باشقىنى ئوزۇق قىلىش قاتارلىق كۆپ قىرلىق تەپەككۇر روكۇنلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەنە مىللەت روھىيىتىدە چۆكمە ھاسىل قىلغان، مىللەتنىڭ تەپەككۇر ھېسسىياتى، تۇرمۇش ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئېغىر نۇقسان كەلتۈرىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەرگە قارشى رەھىمسىزلىك بىلەن ئىزچىل كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى، مۇنداق ھەققانىي، مەنپەئەتلىك، ئاڭلىق تەنقىدنى پائالىيەتنى خەلق ئاممىسىنىڭ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئوقۇمۇشلۇق تۈركۈمنىڭ خەلقپەرۋەرلىكىنىڭ ئەمەلىي تىنىقىغا ئايلاندۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. روشەنكى، بۇ، مىللەت ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بىشارىتىدىن ۋە دائىمىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىن ئىبارەت.

مىللەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆز - ئىدىكى روھىي ئىللەتلەرنى تازىلىشى تارىخىي خاراكتېرلىك تەقەززا. مۇنداق تارىخىي خاراكتېرلىك تەقەززانى تونۇپ يەتكەن تەشەببۇسچىلىرى ھەممە مىللەت ئەزىمەتلىرىنىڭ تارىخىي خىزمىتىدىن ئىبارەت. بىز قەدىمكى مۇتەپەككۇرلاردىن سوقرات ھەكىم بىلەن كۇڭفۇزىنى بۇنىڭ پېشىۋالىرى دېيىشىمىز مۇمكىن. ئۇيغۇر خەلقىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئەلىشىر ناۋائى، بابا رەھىم مەشرەپ، مۇھەممەد سىدىق زەلىلى، ئابدۇللا خاراباتى، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى، ئابدۇرېھىم نىزارى، يېقىنقى زاماندا ئابدۇقادىر داموللام (ئەزىزى)، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئۆزلىرىنىڭ يالقۇنلۇق ئەسەرلىرى ۋە ئالىيجاناب ئاڭلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن مىللەت روھىيىتىنى ساغلاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مۇھەببەت يالقۇنلىرىنى ئۆز دەۋرىگە لايىق مەزمۇنلار بىلەن مەنىۋى ئىزقان سادالىرىغا كۆتۈرۈپ كەلدى. مەلۇم مەنىدە شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بۇ خىل

مەنىۋى ئىلگىرىلەش چۇقانلىرى ئەينى زامان مەدەنىيىتىمىز تارىخىغا مەلىكە ۋە ھۆسن قوشتى. ئۇلارنىڭ ئەينى زامان مەدەنىيەت كۆشەندىلىرىنىڭ توسقۇنلۇقلىرىغا، ھۇجۇم ۋە ئۆسەكلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ مىللەتتە ساقلانغان مەنىۋى ئىللەتلەرنى تازىلاشتا كۆرسەتكەن ئاقىلانە خىزمەتلىرىنى خەلقىمىز ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئاڭلىق بىلىش ئېگىزلىكىدە مەڭگۈ خاتىرىلەيدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ.

مىللەتنىڭ ئىلگىرىلەش يولىدا ئۆزىدىكى روھىي ئىللەتلەرنى تازىلىشى ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇلۇغ ئائىلىسىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋى مىللەتتىن ئىبارەت يېڭى تارىخىي قاتلامغا كۆتۈرۈلۈشىدىكى مېغىزلىق بىر خىزمەت. بۇ قىلسىمۇ، قىلمىسىمۇ كارى چاغلىق ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. كۆپلىگەن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىز مىللىتىمىزدە ساقلانغان، بەزىدە ئەسەبىي قويۇن ھالىتىگە كۆتۈرۈلىدىغان مۇنداق روھىي ئىللەتلەرنىڭ «ئىزگۈ كۆڭۈللەرنى كاۋاپ، كۆركەم چىمەنلىكنى خاراب» قىلىدىغان ھالاك قىلغۇچ، تۇنجۇقتۇرغۇچ بۇزغۇنچى ھالىتى ۋە ماھىيەتلىرىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ، ھەتتا:

«ياتسام كىرىپ شامگۈردە خاس، شۇ چاغدا ھەم تەلۋە قويۇن،
بولسام ئۆسەكتىن گەر خالاس. رەشكى - ھەسەتتىن توختىماس»

دەپ بىزارلىق ئېتىرازلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

كۆپلىگەن ئالامەتلەر ئۇقتۇردىكى، مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋۇجۇدىغا ناباب روھىي ئىللەتلەرنى يوقىتۇۋالغان. بۇنى ئېرىنداش پۈتۈن مىللەت جامائەتچىلىكىنىڭ ئورتاق ۋەزىپىسى. بۇنى ئېرىنداش ھازىرقى زامان تەرەققىيات مەلىكىسى مۇھىتىدا مىللىتىمىزنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە پارلاق كېلەچىكىنى قولغا كەلتۈرۈشى توغرىسىدىكى زامانىۋى مىللىي ئاڭنىڭ ياڭراق دەۋىتى. ماقالىمىز كېيىنكى سەھىپىلىرىدە بۇ نۇقتىنى چۆرىدەپ ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## 3

«بىلمەسلىك نادانلىقتۇر، نادان ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەسلىك قوش ھەسسە نادانلىقتىن ئىبارەت.»

ئەپلاتون

«خەلقنىڭ غېمى — قەھرىمانلىق تەپەككۇرىنىڭ نىجادىيىتى. ئۇنىڭ خىزمىتى — خەلقنىڭ نىجادىيەت يولىنى ئىزدەش ۋە كۆرسىتىش.... نىجادىيەت تەنتەنىسىگە قىلىنغان يېتىنە - ھالاك بولۇۋاتقان ئۆتمۈشنىڭ نالىسى ۋە غۇۋى، خالاس»

— «نىجادىيەتنامە»دىن

مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىلمىي، تارىخىي چۈشەنچىسى ھازىرقى زامان مىللىي ئېڭىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن نۆۋەتتە مۇنداق ئۆز - ئۆزىنى بىلىش ئېڭى ئەڭ كەم دېگەندىمۇ تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن گەۋدىلەنگەن بولۇشى لازىم:

بىرىنچى، ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشنى پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى سۆيۈش بىلەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سۆيۈش بىلەن توغرا بىرلەشتۈرۈش لازىم.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، مىللەت ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ، مۇئەييەن تارىخىي

ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈمى. ئۇيغۇر مىللىتى ئۇزاق ئەجدادلىرى ئاساسىدا كۆپلىگەن قەبىلىلەر ۋە خەلقلەرنى تولۇق ياكى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ، داۋاملىق شەكىللىنىش، راۋاجلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقى تىللاردا داستان قىلغۇدەك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىپ، ۋەتىنىمىز تارىخىغا قىممەتلىك تۆھپە قوشقان. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ مىللىيەتلىك تارىخىدا ئىپتىدائىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىنسان تۈركۈمى كاتېگورىيىسىدىن كۆپ قېتىم ھالقىپ بۈگۈنكى ئېتنىك گەۋدىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇيغۇر مىللىتى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ئىپتىدائىي ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىللىي ۋە مەھەللىي مەدەنىيىتى كاتېگورىيىسىدىن كۆپ قېتىم ھالقىپ بۈگۈنكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئېرىشكەن. ئۇ بۇ جەرياندا ئېلىمىزدىكى ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيادىكى، يىپەك يولىدىكى كۆپلىگەن خەلقلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن كۆپ قىرلىق، دائىمىي ئالاقىدە بولۇپ، ئۇلاردىن ئوزۇق ئېلىپ، ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك، ۋارىسلىق، راۋاجلىنىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارى ۋە ئىجادىي شۆھرىتىنى نامايان قىلغان. بىر پۈتۈن ئۇيغۇر تارىخى ئاساسىي ئېقىم نۇقتىسىدىن قانداقتۇ «شىشىگە بەنت قىلىنغان» بېكىنمىلىك ئىچىدە يۇرۇختۇم بولۇپ كەلگەن تارىخ بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن قەبىلىلەر، خەلقلەر، مىللەتلەر، دىن ۋە مەدەنىيەت تىپلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەۋزەللىرىنى ساقلاپ، ئەۋزەلسىزلىرىنى شاللاپ كەلگەن ئوچۇق-ئاشكارا ۋە قاينام - تاشقىن ئىچىدە ئىلگىرىلىگەن تارىخ. ھازىرقى ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا تەدرىجىي يوقالغان ياكى ئۆزگىگە سىڭىپ كەتكەن خەلقلەردىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق كۆپ قىرلىق، دائىمىي مۇناسىۋەتلەر تارىخىغا پائالىيەتچانلىق بىلەن ئاكتىپ قاتناشقانلىقى تۈپەيلىدىن ئەۋزەللىككە ۋە داۋاملىق گۈللىنىش شارائىتىغا ئىگە بولغان. ئۇيغۇرلار شىمال-جەنۇب مۇناسىۋىتىدە، شەرق-غەرب مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنىڭ ھاياتىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتكەنلىكىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. دەل مۇشۇ مۇناسىۋەت ئۇيغۇرلارغا ئىككىنچى ھاياتىي كۈچ ئېلىپ كەلدى.

قاراسۇغ مەدەنىيىتىدە، ئەپراسىياپ لېگىندىلىرىدە، ئورخۇن-يەنسەي ئابىدىلىرىدە دەسلەپكى شۆھرىتىنى كۆرسەتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كېيىنچە چۈشكۈنلىشىشكە دۇچ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا خەن ئېنگونىڭ خەن ۋۇدىغا ئېيتقان تۆۋەندىكى كەلىمىسىنى تەققاس قىلىش مۇمكىن: «ئېيتىلغان ئوقيا ھەر قانچە ئۆتكۈر بولغان بىلەنمۇ ئاخىر بېرىپ ھىلھەل ياغلىقنىمۇ تېشىپ ئۆتەلمەيدۇ. بوران ھەر قانچە كۈچلۈك بولغان بىلەنمۇ ئاخىر بېرىپ بىر تال ھاڭغۇت پېيىنىمۇ ئۇچۇرالمايدۇ. بۇ يەردە گەپ ئوقيا بىلەن بوراننىڭ دەسلەپتە كۈچسىز بولغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئاخىر بېرىپ زەئىپلەشكەنلىكىدە»①. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى يىپەك يولى ئالاقىلىرىدە بۇ زەئىپلىكلەرنى يېڭىپ، ھەسسىلەپ كۈچىيىشكە يۈزلەندى ۋە پۈتكۈل يىپەك يولى مەدەنىيىتىگە ئۆچمەس تۆھپىلەر قوشتى. بۇ ھال ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا — مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتى تارىخىدا تارىخىي خاراكتېرلىك زور بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى. ھەتتا ئۇيغۇر ئورخۇن خانلىقىنى يوقاتقان قىرغىز قەبىلىلىرىمۇ

① «تارىخنامە» ئۇيغۇرچە نەشرى، 361 — بەت.

بۇ نۇرانە يېڭى مەدەنىيەتكە قاراپ يۈزلىنىش ئارزۇسىغا چۈشتى.

ۋەھالەنكى، ئىككى تارىخىي ھادىسە بۇنداق قايتا گۈللىنىشكە بەرھەم بەردى. ئۇنىڭ بىرى، ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ راۋاجى، يىپەك يولى ئالاقىلىرى ئورنىنى دېڭىز - ئوكيانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئىگىلىشى؛ ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئېلىمىزنىڭ بېكىنمىچىلىكى ۋە مەختۇم ئەزەمدىن ۋەلىخان تۆرە، ئابدۇرېھىم ئەئلەمگىچە داۋام قىلغان جاھالەتلىك ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكى ۋە «غازات»تېررورلۇقىدىن ئىبارەت. بىز ئەينى يىللاردا ئېلىمىزنىڭ غەربىي زېمىنى بولغان نەمەنگەنلىك مۇتەپەككۇر بابا رەھىم مەشرەپ بىلەن يەكەنلىك شائىر، مۇتەپەككۇر مۇھەممەد سىدىق زەلىلى ئەسەرلىرىدىن، جۈملىدىن خوجا - ئىشانلارنىڭ پىتنە - ئۆسەكلىرىگە قارىتىپ زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تەكلىپى بىلەن يېزىلغان نىزارىنىڭ «دەھرۇلنەجات» (نەجادىيەت دەۋزى) ناملىق ئەسىرىدىن بۇ مەدەنىيەتكە كەلگەن زاۋال گۈگۈمىنىڭ ئېغىر تىنىقلىرىنى كۆرۈپ بايقايمىز.

ئەگەر بىز تاڭ سۇلالىسى يىلنامىلىرى بىلەن ئەينى زاماندىكى بەي جۈيى، ۋاڭ ۋېي، ليۇيەنسەي، ليۇجېن قاتارلىق نەچچە ئونلىغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ غەربىي دىيار توغرىسىدىكى بايان ۋە نەزمىلىرى بىلەن جۈملىدىن سۇڭ سۇلالىسى ئەلچىسى ۋاڭ يەندېنىڭ ئىدىقۇت زىيارىتى توغرىسىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇچۇر تەپسىلاتى بىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭغا كەلگەن جى جۈن، خۇڭ لياڭجى، لىن زېشۈي، شاۋشۇن، سۇڭ بولۇ قاتارلىق ئاپتورلار يازغان شېئىرىي تەپسىلاتلارنى بىر قۇر سېلىشتۇرىدىغان بولساق بۇ ئارىدىكى «گۈللىنىش - چۈشكۈنلىشىش» ھادىسىسىنى بىر قەدەر ئېنىق ھېس قىلىمىز.

بىز بىر قانچە بوۋىلىرىمىزغىچە مۇشۇنداق بېكىنمە، خارابە ۋە نادانلىق مۇھىتىنىڭ ئاخىرقى چۆكمىسىدىن دۇنياغا تۆرەلدۇق. شۇ سەۋەبلىك بىز ئادەتتە تۇرمۇش تەپەككۇرى ۋە ئېلېمېنتار، ھېسسىي، مىللىي مۇھەببەت ئۇيپىقىدا تۇرۇپ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىنى، ئۇنىڭدىكى ھالاكەت ۋە ھايات، گۈللىنىش ۋە چۈشكۈنلىشىش ھەرىكىتى قانۇنىيەتلىرىنى بايقىيالمايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەقىقىي ئاڭلىق تەپەككۇر بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەقىقىي ئاڭلىق تەپەككۇر - يۈزەكى، ھېسسىي، ئېلېمېنتار، كەيپىياتچان مۇھاكىمىدىن خالاس بولۇپ، ھەقىقەتنى سۆيىدىغان ۋە ھەممىنى ھەقىقەت بويىچە ئۆلچەيدىغان تەپەككۇر بولۇپ، بۇ خىل تەپەككۇر ئەپلاتوننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «ھەقىقىي مۇتەپەككۇرانە تەپەككۇر» بولۇشى كېرەك. ئەسىرىمىزنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئابدۇقادىر ئەزىزى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئويغىتىش تەشەببۇسلىرىنىڭ پۈتۈن مىللەتنىڭ، بولۇپمۇ كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى بولغان مۇنەۋۋەر ياشلارنىڭ ئورتاق «چوقان»ىغا ئايلىنالمىسلىقى خەلقىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى مەدەنىيەت قاتلىمىدىكى پاجىئەلىك جاھالەت چۆكمىسىنىڭ پېچەتى بۇزۇلمىغانلىقىدىن بولغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن مىللىتىمىز قەد كۆتۈردى، بىر قانچە ئەسىرلىك جاھالەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى. ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئەقلىي بىلىشىنىڭ يېڭىچە تەپەككۇر يالقۇنلىرى بىلەن قەيسەرانە ئىلگىرىلەش روھىيىتى يۈزلەنگەن مۇنەۋۋەر قەلبلەرنىڭ ئورتاق مېلودىيىسىگە ئايلانماقتا.

ئۆز مىللىتىگە بولغان ھەقىقىي ساغلام مۇھەببەت ـ مىللەتلەرئارا ھەقىقىي ئىنتېرناتسىيونالىستىك، قېرىنداشلارچە كۆز قاراشنىڭ تىكلەنگەنلىكى بىلەن جۇلالىنىدۇ.

ئېرىكفروم توغرا ئېيتىدۇ: «مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى ـ ياخشى كۆرگىنىگە ياخشى كۆرۈش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشىدىن ئىبارەت.» ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشكىمۇ ئۇنىڭغا تۆھپە ھەدىيە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىدۇ. مىللەتنى ئېغىزدا سۆيىدىغان، ئەمەلدە ئۇنىڭغا زىيان ـ زەخمەت كەلتۈرىدىغان كىشىلەردە مۇنداق ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردىكىسى ئېچىپ ئېيتقاندا «مۇھەببەت» نىقابىغا ئورۇنىۋالغان ئەپرەتتىن، بۇزغۇنچىلىق ۋە بىخودلاشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئېرىكفروم ئېيتقاندەك ئومۇمەن مۇھەببەت ھاياتلىقنىڭ ئىجابىي ئىپادىسى بولۇپ، پەقەت باشقىلارنى سۆيۈشلا گۈزەل ئەخلاق ھېسابلىنىدۇ. ئۆز مىللىتىنى سۆيۈشكە باشقا مىللەتلەرنى ھاقارەتلەش، چەتكە قېقىش، كەمسىتىشنى شەرت ۋە بەدەل قىلىش، ئۆزىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي، پسىخىك ئىللەتلەرنى ئەيىبلەپ تازىلاش ئورنىغا باشقا مىللەتلەرگە كايىيدىغان، غۇم ساقلايدىغان پسىخىكا ھەتتا ئوچۇق كۆز قاراشلارنى بازارغا سېلىش ھازىرقى زامان مىللىي ئېڭىغا زىت، غەيرىي ئىلمىي روھىيەت ۋە كۆز قاراشتىن ئىبارەت.

## 4

«شائىرنى ئۇلۇغلىغان نەرسە — دەل ئۇنىڭ شېئىرىيىتىدە چاقناپ تۇرغان ئىنسانىيەت بىلەن ئىجادىيەتنىڭ ھىجران نالىسى ۋە ۋىسال شادىيانىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

«سەبىيلەر زەي پاخاللىرىدا يېتىپ ئۇزۇن كەچۈرمىشلەرنى ئەسلىگەندە، ئىجادىيەت پەرزەنتلىرىنىڭ كۆزى يورۇيدۇ.»

— «ئىجادىيەتنامە»دىن

گوسېڭا: «مېنىڭ خەلقىم بىلىمنىڭ كەمچىللىكىدىن ھالاك بولدى» دېگەنىدى. «كۆلتىكىن مەڭگۈ تېشى»دا: «توققۇز ئوغۇز بەگلەرى بۇدۇنى بۇ سابىمىن ئەدگۈتى ئەشىد، قاتىغدى تىڭلا» (توققۇز ئوغۇز بەگلىرىنىڭ خەلقلىرى بۇ سۆزۈمنى ياخشى ئاڭلا، چىڭ ساقلا)، «ئۆكۈن! كۆرە گوكۈن ئۈچۈن»، «بىلمەدۈك ئۈچۈن» (پۇشايمان قىل، كۆرەلمىگىنىڭ ئۈچۈن، نادانلىقىڭ ئۈچۈن)، «ئىغار ئوغلانىڭىزدا تايغۇنىڭىزدا يىگدى ئىگىدۈر ئەرتىگىز» (قەدىردان ئوغلانلار، ئەۋلادىڭىزنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەپ ئالەمدىن ئۆتتىڭىزلەر) دەپ يېزىلغان. ھازىرقى زاماندا مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى بىلىشى ئۈچۈن، ئىككىنچىدىن، مىللەتنى نادانلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ۋە ئىجادىيەتتە راۋاجلانغان سوتسىيالىستىك، زامانىۋى، ئىقتىدارلىق، تۆھپىكار مىللەت قىلىپ چىقىشنىڭ تارىخىي زۆرۈرىيىتىنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، نادانلىق تېخىمۇ ئېغىر نادانلىقنى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي بالايى ئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سپىنوزا: «يامانلىقنىڭ ماھىيىتى نادانلىقتۇر»، «ئەركىنلىك بىلەن سائادەت كىشىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىدە، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىزدىنىشىدە، ئۆزىنى ئىمكان قەدەر ئىنسانىي تىپىكلىككە يېقىنلاشتۇرۇشىدا» دېگەنىدى. ئۇيغۇر كىلاسسىك پەلسەپەۋى تەپەككۇرىنىڭ نامايەندىلىرى بىلىم ۋە نادانلىقنى ئىنسانىي تۇرمۇش بىلەن ھايۋانغا خاس ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىشقان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئىككى تۈرلۈك مىللەت ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە ئەخلاقتا شۇنچە قەيسەرلىك بىلەن ئۆزىنى ئۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئىلمىي تەپەككۇر ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئالدىنقى ئورۇندا ئىلگىرىلەۋاتقان مىللەت، ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۇزاق غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ۋە كېچىككەن مۇساپىسىنى تولدۇرۇش نىيىتىگە كەلگەن مىللەت. ئۇلار چۈشىنىدۇكى: ئومۇمەن قىممەتلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشمەك ئىنتايىن مۇشكۇل، ئوخشاشلا، ئىنتايىن مۇشكۇلچىلىكتە ئېرىشىلگەن نەتىجىلەر ئومۇمەن قىممەتلىك.

مۇھەببەت - نوقۇل خاھىش ئەمەس، بەلكى قىزغىن غايىۋى پائالىيەت.

بەخت - سائادەت - نوقۇل ئىستېمال كەڭكۈشادىلىكى ئەمەس، بەلكى ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى پوتېنسىيال ئىقتىدارغا مۇناسىپ ئۆز ئىجادچانلىقىنى جارى قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ماھىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. فارابى توغرا ئېيتقانىدى: «بىز پەقەت گۈزەللىككە مۇيەسسەر بولغان ۋاقتىمىزدىلا بەخت - سائادەتكە مۇيەسسەر بولىمىز». فارابى بۇ يەردە بەخت - سائادەتنى ماددىي پاراۋانلىقتىن ئۈستۈن بولغان يۇقىرى قاتلامدىكى ئىجتىمائىي مەلىكە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چۈشەنگەن. بۇنداق گۈزەللىكنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر، ئاساسىي پەنلەر، تېخنولوگىيىلىك تەتبىقات، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت گۈللىنىشىسىز قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. گېتوتى «فائۇست» داستانىدا ھەممە جىنايەتلەردىنمۇ ئېغىر جىنايەت ئىجادىيەتسىزلىك ئىكەنلىكى ئىدىيىسىنى سىڭدۈرگەنىدى. چۈنكى، ئىجادىيەتسىزلىك ئىنساننىڭ ئۆزىدىكى پوتېنسىيال ئىقتىدارىغا قىلىنغان بىرىنچى دەرىجىلىك ھاقارەت، شۇنىڭدەك، ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيىتىگە قىلىنغان ئەڭ ماھىيەتلىك ئاسىيلىقتىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبلىك، سەۋەنلىكنى كەچۈرۈش مۇمكىن، كەچۈرۈلمەيدىغىنى، ئىنساندىكى ئىنسانىي قىممەتنىڭ ھالاكىتى بولغان پائالىيەتسىزلىكتۇر!

بىر مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە چۈشكۈنلىكى مىللەت تۈركۈمىنىڭ سۇبيېكتىپ شەرتلىرىدىن ھالقىغان بىر قاتار زامان، ماكان، ئىجتىمائىي، سىياسىي، تارىخىي شەرتلەر بىلەنمۇ ئالاقىدار، ئەلۋەتتە. ئەمما ئەڭ مۇھىم كوللېكتىپ سۇبيېكتىپ شەرت - شۇ مىللەتنىڭ نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ۋە ئىجادىيەت ساپاسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇرغۇن پاكىتلار، ئۇيغۇر ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان نەزەرىيىسى، پەن - تېخنىكىسىنى ئىگىلەشتە ھېچقانداق پوتېنسىيال ئىقتىدار يېتەرسىزلىكىدە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇ نۇقتىنى چەت ئەللەردە، ئىچكى ئۆلكىلەردە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئوقۇۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان كۆپلىگەن كىشىلەر تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىدى. مىللىتىمىزنىڭ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش، مەدەنىيەت ئىگىلەش يېڭى دەۋرى باشلاندى.

ئەمما، مىللىتىمىزنىڭ روھىي قاتلىمىدا كېيىنكى زامانلاردا ئارقا - ئارقىدىن شەكىللەنگەن بىر قاتار روھىي ئىللەتلەرنىڭ تېخى خېلىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىمىزدىن چىقىرالمايمىز. بۇلار: بىلمەي تۇرۇپ بىلەرمەنلىك قىلىدىغان؛ بىلمەي تۇرۇپ بىلىشكە ئىنتىلگۈچىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان؛ ئانچە - مۇنچە بىلىۋېلىپ كۆپرەك بىلىشكە قىزىقمايدىغان؛ نامرات ۋە نادانلىق تۇرمۇش رىجىلىرىگە ئىجىل بولۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىشنى خالىمايدىغان؛ نامرات تۇرۇپ تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي

ھورۇنلۇق قىلىنىدىغان؛ ئادەتتىكى شېئىرى يېزىقچىلىق قاتارلىقلارنى ئىجادىيەتنىڭ بىردىنبىر ياكى ئاساسلىق شەكلى دەپ قاراپ يەن - تېخنىكىدا جاپا - مۇشەققەتلىك ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈشتىن باش تارتىدىغان؛ ئىستېمالچىلىق، يالتىراق كۆرۈنۈش، ئويۇن - تاماشا، يەڭگىل - يۇمشاق كەسىپلەرگە بېرىلىپ تەرەققىيات ۋە ئىجادىيەتنىڭ ھەقىقىي پىششاقلىرى ۋە مول مەھسۇلاتلىق بولىقىدىن سىرتتا قالىدىغان؛ دائىملىق غەمخورلۇق، ئېتىبار، مىللىي تەركىب كۆنلۈكىدىن بەھرىمەن بولىدىغان پارنىڭ مايسىلىرى سالاھىيىتىنى بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق ئەزىمەت دەرەخ ۋە ئورمان بولۇشتىن ياخشى كۆرىدىغان دېگەندەكلەردىن ئىبارەت.

مەن ئاتۇشتا زامانىۋى بىناكارلىقنى يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ خالىمايدىغانلىقىنى، مايتاغدا يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىزگىنلەش سېستىمىسىدىن كۆرە «كەسىپ ئالماشتۇرۇپ» سېمونت يولدا ۋېلىسىپىت مىنىپ يۈرۈيدىغان پىرىكازچىلىك ياكى باشقا بىرەر مۇلازىمەت خىزمىتىگە مايىلدار ئىكەنلىكىنى، ھەتتا ئۈرۈمچىنىڭ نەنمەن دوقمۇشىنىڭ خەلق تىياتىرخانىسى تەرىپىدە خەنزۇلارنىڭ ياغاچچى ياشلىرىنىڭ خېرىدار كۈتۈپ تۇرغانلىقىغا روشەن سېلىشتۇرما ھالدا بانكا تەرىپىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تاشقى پىرېۋوت چېكى، زايوم، ئاشلىق بېلىتى «سودا»سى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بۇنىڭ ئاددىي ۋە كۆرۈنۈشلۈك ئۈچ مىسالى قىلىشىم مۇمكىن. بۇنداق ۋە بۇ خىل تىپتىكى «كۆپۈكتەك لەيلەشنى ياخشى كۆرىدىغان» روھىيەت ھەممە شەھەر - كەنتلەرگە يامراپ كەتكەن.

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن سودىغا چاققان، تاماققا ئۇستا، شېئىرغا ماھىرغۇ؟ شۇنداق! بۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تارماقلىرىدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرىنى ھازىرلىغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ئاندىن «گۈل ئۈستىگە گۈل» گۈزەللىكى بەرپا قىلالايدۇ. بۇنداق مىللەتنىڭ ھايات - تەقدىرى، ئۇنىڭ ۋەتەن ۋە ئىنسانىيەتكە تۆھپە بېغىشلاش ئىقتىدار قىممىتىگە ئالاقىدار غايەت زور تېماتىكىنى باشقا مىللەتلەردىن ئارازلاش روھىيىتى بىلەن يېپىپ قويۇشقا ياكى ئاداققىچە ئاقلاپ چىقىشقا بولمىسا كېرەك. ئېرك فروم توغرا ئېيتىدۇ، ئومۇمەن ئىنسان ئىنتايىن زىددىيەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇ باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىشقىمۇ مۇھتاج، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قېلىشقىمۇ ئېھتىياجلىق، بۇ زىددىيەتنى پەقەت ئىجادىيەتلا ھەل قىلىپ بارىدۇ. ئىجادىيەت ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭغا ئۇل سالىدىغان ئىلىم - پەن، سەنئەت - مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق - پەزىلەت ئاساسىنى ئىگىلىمىگەن مىللەت كۈللىنىش ئىقتىدارى ۋە مەۋجۇتلۇق قىممىتىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقان مىللەتتىن ئىبارەت.

## 5

«ئىجادىيەت پەشتىقىغا يول ئۇتقىنىڭدا پەتنە - ھەسەت قۇيۇنلىرىدىن تەمتىرەپ قالما ۋە ئالدامچى - خۇشامەت دەرىخىنىڭ تېگىدە سايىدىما!»

«ئىجادىيەت — ئۇ، ئۆزىنىڭ ماھىر ۋە چىداملىق ئىزدىگۈچىلىرىگە بېرىلىدىغان ئىنئام.»

— «ئىجادىيەتنامە»دىن

ئۈچىنچى، مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىشىدە سىۋىلىزاتسىيىلىك ئەخلاق ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بۇنداق ساغلام ئەخلاق سىۋىلىزاتسىيىسىز ھازىرقى زامان مىللىتى بولۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە راۋاجلىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ماددىي مەدەنىيەت تارىخىدا مۇنەۋۋەر ئەخلاق سىۋىلىزاتسىيىسى ئەنئەنىلىرىنى ياراتقان. ۋاپادارلىق، ھېسسىداشلىق، خەيرخاھلىق، شەرم - ھايا، مېھماندوستلۇق، ئىنساب ۋە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش قاتارلىق پەزىلەت ۋە ئادەتلەر ئۇنىڭ جۈملىسىدىن بولغان. ئەمما خەلقىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق ئەنئەنىسىگە نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىللەتلەر بولۇپمۇ كېيىنكى زامانلاردا كۆرۈنەرلىك باش كۆتۈرۈپ، ئىلغار مۇتەپەككۇر ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىرىمىزنىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىغان. بۇنداق نۇقسان - ئىللەتلەرنىڭ خېلىلا تېپىلىرى ۋە بازىرى بارلىقىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەس.

ئەخلاق جەھەتتىكى ئىللەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى «بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك ئەخلاقسىزلىق» كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان كۆرەلمەسلىك، رەشك - ھەسەت قىلىش، پىتنە - ئىغۋا - ئۆسەك تارقىتىش، شەخسنىڭ ئىززەت ھۆرمىتىگە دەخىل - تەرۇز قىلىش ۋە سۇيىقەستچىلىكتىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە يۇرتۋازلىق، ئۈمىدسىز - چۈشكۈنلۈك، ئالدامچى خاراكتېرلىك خۇشامەت، ئىسراپخۇمار، ساختا شۆھرەتچىلىكنىمۇ بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك غەيرىي ئەخلاقىي ئىللەت قاتارىغا كىرگۈزۈش مۇمكىن. بۇ خىل ئىللەتلەر ئىجادىيەت سەمەرىلىرى ۋە مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر كۈچلىرى بىلەن مىللەتنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىرلىك - ھەمدەملىككە نىسبەتەن بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر روھىيىتىنى زامانىۋى پاراسەت يۈكسەكلىكى بىلەن كۆزەتكەندە مۇنداق «بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك»، «دەخلى - تەرۇز خاراكتېرلىك» روھىيەت ئىللەتلىرىنى تۆت قاتلامغا بۆلۈش مۇمكىن:

1. **ئالدىنقى ئاڭ خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت.** بۇ بەزى كىشىلەر خاراكتېرىدە شەكىللەنگەن باشقىلارغا يول بەرمەسلىك، باشقىلارنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆزىگە تەۋەلىكە ھېسابلاش، باشقىلارغا قىتىغۇرلۇق قىلىش، يوشۇرۇن دۈشمەنلىك ۋە ئىشەنمەسلىك پسىخىكىسىدا بولۇش، باشقىلارنىڭ بىرەر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىنى، ھەتتا باشقىلار ھەققىدىكى بىرەر ئۆسەك سۆز - چۆچەكنى ئاڭلىغاندا روھلىنىش تۇيغۇسى ھاسىل قىلىش قاتارلىق پسىخىك ھالەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. فىردىئوتنىڭ پىكرىچە، ئىنساندا ئىككى پوتېنسىيال ئىقتىدار بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، ئىجادىيەت، ئۆزىنى كەۋدىلەندۈرۈش ئىقتىدارى، يەنە بىرى، بۇزغۇنچىلىق، ئۆزگىلەرگە ۋە ئۆزىگە ھالاكەت چىللاش ئىقتىدارى. ئەگەر فىردىئوتنىڭ بۇ قاراشلىرىنى شەرتلىك قوبۇل قىلىدىغان بولساق، بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقانلىرىمىز بىر قاتار كۆپرەك كىشىلەردىكى ئەنە شۇ خىل ئالدىنقى ئاڭ خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىيەتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلە شۇ يەردىكى، مۇنداق ئالدىنقى ئاڭ خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىيەت مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ ئۆسۈشى، شەخسلەرگە قارىتىلغان بىلىم ۋە ئەخلاق تەربىيىسى، تۇرمۇشنىڭ ئاقىلانە تەشكىللىنىشى ئارقىلىق تىزگىنلىنىشى ۋە بىكار قىلىنىشى مۇمكىن. ئەكس ھالدا ئۇ راۋاجلىنىپ ئەخلاق، سىياسىي ۋە قانۇن تۈسى ئالغان بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك روھىي ئىللەتكە، ھەتتا جىنايەتكە ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن.

2. **ئەخلاق خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت.** بۇ بەزى كىشىلەرئەخلاق پەزىلىتىدە شەكىللەنگەن، ئەخلاق ۋە ۋىجدان ئۆلچەملىرىنىڭ رىجە - تۇساقلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ تاشلىغان،

ئالا ۋە تەپەككۇر، ھېسسىيات ۋە پوزىتسىيەنى قاماغدۇۋالغان شەخسىيەتچىلىك، لاپچۇرلۇق، رەشىك - ھەسەت، غەيۋەت - شىكايەت، ئارىلاپ - ئارىلاپ قىلىنىدىغان قارغاش، ئارقىدىن تىللاش، ئۆسەك سۆزلەش، باشقىلاردىن ئۆزىگە بىر قانچە كۆشەندە تىكلىۋېلىش، ئۇنى ھاقارەتلەيدىغان ھەر قانداق ۋاسىتىدىن راھەتلىنىش ھېس قىلىش، جۈملىدىن ئۆزىگە يول ئېچىش مەقسىتىدە ئۆز ئىززىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ساختا خۇشامەتچىلىك قاتارلىقلاردا تىپىك ئىپادىلىنىدۇ. مۇنداق ئەخلاقسىزلىق تۈسىنى ئالغان بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت ئۆز ئىچىدىن يەنە ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بىلىم، ئەخلاق ۋە تەربىيە ئارقىلىق ئۆز ئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىپ تىزگىنلىگىلى بولىدىغان كەمچىلىك تىپىدىكى روھىي ئىللەت بولسا، ئۇنىڭ يەنە بىرى، تەربىيە كار كەلمەيدىغان، مەخسۇس روھىي داۋالاش تەلەپ قىلىنىدىغان روھىي كېسەللىك تىپىدىكى ئىللەت. دەرۋەقە بۇنىڭغىمۇ قاراتمىلىق بىلىم بىلەن ئەخلاق تەربىيىسى بىرلەشتۈرۈلۈشى لازىم.

شۇنى ئېيتىش ھاجەتكى، ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت تۇرمۇش ۋە گۈللىنىشنىڭ ئاساسىي شەرتى. ئىجتىمائىي ھاياتىمۇ شۇنداق. مەنىۋى تۇرمۇشىمۇ شۇنداق. باشقىلارغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش ھېسابىغا ئۆز خاتىرجەملىكى، ساغلاملىقى ۋە بەخت-سائادىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. باشقىلارغا بۇزغۇنچىلىق سېلىش بەرىبىر ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاش بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئىرك فروممىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئەسەبىيلىكىنىڭ باشقىلار ئۈستىدىكى ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت، خالاس!

3. تۈركۈم — سىياسىي خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت. بۇ سىنىپىي كۆرەش، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە مەركەز قىلىنغان سىنىپىي كۆرەش جىددىيلىشىپ قالغان شارائىتتا بىر قىسىم كىشىلەر ئادەتتىكى ئاڭدىن تاشقىرى مۇئەييەن تۈركۈملەشكەن ئاڭغا باغلانغان بولىدۇ. بۇ مۇنداق تۈركۈم قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئۆز ئېڭى ۋە خاھىشلىرىنى تۈركۈمنىڭ ئورتاق ئېڭى ياكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، دېگەن سۆز. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدىكى پىتنە - ئىغۋا، يالغان - ياۋىداق، تۆھمەت - ئويدۇرۇلمىلار ئەخلاق تىپىدىكى ۋىجدان ۋە بىلىم، مەدەنىيەت ۋە تەربىيە كەملىكى تۈپەيلى يۈز بېرىدىغان، چۈشەنچە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۆزگىرىدىغان رەشىك - ھەسەت، پىتنە - ئىغۋا قاتارلىقلاردىن ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئالامەتلىرى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ ئالامەتلەر: پىتنىنىڭ قارا نىيەتلىك، سۇيىقەستلىك مەقسەتدارلىقى؛ پىتنە مەنبەسىنىڭ بىر مەركەزلىكى؛ پىتنە رىتىمىنىڭ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىگە ئىزچىل ئۇلانمىلىقى؛ پىتنە ئوبيېكتىنىڭ ئۇلارغا مەنىۋى تەھلىكە سېلىش قىممىتى بويىچە تاللانغانلىقى (بۇ بەزىدە سۇبيېكتىپ قىياس بويىچە ئەخمىقانە ياساپ چىقىرىلىشى مۇمكىن)؛ بۇ پىتنىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى جامائەتنى پىتنە ئوبيېكتىدىن يىراقلاشتۇرۇش ياكى جامائەت پىكرى تالىشىش ئىمكانلىكى؛ پىتنىنىڭ يىراق - يېقىندىكى ھەممە مۇخلىسلار ئاغزىدىن بىردەك چىقىشى؛ مۇنداق پىتنىنى تارقىتىشتىكى مەجبۇرىيەت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

4. قانۇن تۈسى ئالغان بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك روھىي ئىللەت. بۇ ئەخلاق خاراكتېرلىك

بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت بىلەن تۈركۈم (سىياسىي) خاراكتېرلىك روھىي ئىللەتنىڭ «ئاساسىي قانۇن» 38 - ماددا، «جىنايى ئىشلار قانۇنى» (138 -، 145 - ماددا)،«ھەق تەلەپ قانۇنى» (4 -، 98 -، 101 -، 102 - ماددا)دىكى شەخسنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە بوھتان ۋە يالا چاپلاش ئارقىلىق دەخلى-تەرۇز قىلىش جىنايىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرگە چۈشىدىغان جىنايى خاراكتېرلىك بۇزغۇنچى روھىي ئىللەت شەكلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز ئەمدىلا تېنى قانۇنچىلىق تەرتىپىنى يولغا قويۇۋاتقىنىمىز ئۈچۈن بۇ جەھەتتىكى تېپىك جازا تەدبىرلىرى ۋە تەربىيەۋى تەسىر كۆرسىتىش ئۈلگىلىرىنى تەشكىللەپ بولالمىدۇق. ئەمما، بۇ مۇقەررەر روياپقا چىقىدىغان خىزمەت ئىكەنلىكىدە شۈبھە يوق.

## 6

«ئىنسانلار ئۆز-ئۆزىنى بىلىپ يەتمەي تۇرۇپ كامالەت ھەرىدىكى ئىجادىيەت مېۋىسىگە مۇيەسسەر بولالمايدۇ. ئىجادىيەتنىڭ دەرىجىسى ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قايتا ئىختەرا قىلىش پەللىسىگە باغلىق.»

«ۋاقىت قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەم ئۆز ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلمىگەن ئادەمدۇر. ئىجادىيەت ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەبەدىي شېرىن خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس.»

— «ئىجادىيەتنامە»دىن

**تۆتىنچى، كەلگۈسىگە يۈزلەنگەن غايە، ۋاقىت ئېڭى، رىقابەت ئېڭى ۋە ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭىنى تىكلەش لازىم.**

غايە - گۈزەل تۇرمۇش توغرىسىدىكى ئۈمىدۋار، ئىنتىلىشچان ئارزۇدىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىتى تارىختا ئۆز مىللىتىنى بۈگۈنكى ۋە ئەتىكى رېئاللىق ۋە مۇمكىنلىك ئاساسىدا سوتسىيالىستىك تەرەققىي تاپقان زامانىۋى مىللەت قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ چىقىش غايىسىدىكى نۇرغۇن مۇنەۋۋەر كىشىلىرىمىز بار. كىشىلەرنى ۋە ياشلىرىمىزنى چۈشكۈن، جاھالەتلىك خىيالىي تۇرمۇش تەسەۋۋۇرى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن ئاڭ - پىكىر ئالدامچىلىرىمۇ يوق ئەمەس. بولۇپمۇ ياشايدىغان ۋە جاسارەتسىز ياشاۋېرىدىغان غايىسىز كىشىلىرىمىز خېلىلا سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. بىر مۇنچە ياشلىرىمىزنىڭ غايىلىرى تولىمۇ تۆۋەن، جاسارىتى ۋە ئىرىشچانلىقى تولىمۇ ئاجىز. بۇ ھال - مىللىتىمىزنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان بىلىشى، تەلىپى ۋە ئىرادىسىغا كەسكىن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېيتىش مۇمكىنكى، بىر مىللەتنىڭ ئەمەلدىكى گۈللىنىشى ۋە ئۆزىنىڭ تالانت - ئىستىدات ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىشى، ئۇنىڭ ئاساسىي كەۋدىسىنىڭ ھازىرقى زامان غايە ئېڭىنى تىكلىگەن-تىكلىمىگەنلىكىگە، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىگە پىشاڭ قىلغان - قىلمىغانلىقىغا باغلىق.

ۋاقىت ئېڭى - ھازىرقى زامان مىللىتىدە بولۇشى لازىم بولغان مۇھىم چۈشەنچە ۋە ئىجتىمائىي ئادەت بولۇپ، ۋاقىت ئېڭىسىز ئۈچقاندەك راۋاجلىنىۋاتقان زامان بىلەن بىللە ئىلگىرىلەش مۇمكىن ئەمەس. لايغەزەللىك، بىر كۈنلۈك ئىشنى بىر قانچە كۈنگە سوزۇش، ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك، ۋاقىت ئىسراپچىلىقى مەيلى شەخسكە ياكى مىللەتكە بولمىسۇن يامان ئاقىۋەتلەر كەلتۈرىدۇ. ئاڭلىق تەشكىللەنگەن مىللەت ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ بىرلىك ئۆلچىمى ئىنتايىن ئىنچىكە ۋە ھېساباتلىق.

ۋاقىت - خالىغاندا ئالدىغىمۇ، ئارقىغىمۇ بۇرۇغىلى بولىدىغان، خالىغاندا قۇرغۇراقتەك چىرىغلاتقىلى بولىدىغان مېخانىك سائەت ئەمەس. ۋاقىت - تۈگۈپ تاشلىسا تۈگۈن بولۇپ

تۇرۇۋېرىدىغان يېشىلمەس تۈگۈن ياكى ئامبا بولاكاب قارىدىكى تاماشا ئەمەس. ۋاقىت ـ ئۆز ئېقىمىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە مەدەنىيەتسىزلىك ۋە رەزىللىك ھالەتلىرىگە بېپەرۋا، سۈكۈتچان، ئىنكاسسىز ھەيكەل ئەمەس. ۋاقىت ـ كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانى، ھەقىقانىيەت سوتچىسى، ئۇ ھەممىنى ھالاك قىلغۇچى ۋە بىنا قىلغۇچى بىراخما! ئۇ خۇپىيانە سىرلارنىڭ تۈۋىگىچە ئاچىدۇ، ئۆزىنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان ۋە خارلىغانلارنى ئېتىبارسىز قالدۇرىدۇ ۋە خارلايدۇ. ئۇ، شەخسنىڭ، مىللەتنىڭ، دۆلەتنىڭ خارابلىق ياكى گۈللىنىش مەنزىرىسىنى سىزىدۇ. ۋاقىت ـ ئىبادەت، ۋاقىت ـ قىممەت، ۋاقىت ـ بايلىق، ۋاقىت ـ تەقدىر ۋە ھايات دېمەكتۇر. شۇڭا خەلقىمىز ئارىسىدا تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن ۋاقىت ئېڭى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، ۋاقىت ئېڭىغا زىت ھەر خىل روھىي، ئەخلاقىي ۋە ئەمەلىي ئىللەتلەرنى زور كۈچ بىلەن تۈگىتىشنى داۋاملىق تەشۋىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

رىقابەت ئېڭى ـ رېئاللىقتا يۈزلەنگەن غايەت مۇھىم ھاياتىي ئاڭ بولۇپ، ئۇ، رىقابەتكە تولغان بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسلىق تىنىمىقى ۋە پائالىيەت دېۋىگاتېللىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. رىقابەت ئېڭى ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ئۈچۈن بارلىق ئىچكى نىزاھ ۋە روھىي ئىللەتلەرنى تازىلاپ، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە بىرلىك ـ ھەمدەملىكىنى كۈچەيتىپ، زامانغا، جاھانغا ۋە كەلگۈسىگە يۈزلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور ئىلھام بۇلىقى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. تۈرلۈك فوند جەمئىيەتلىرىنىڭ تەشكىللىنىشى، مەكتەپ ۋە ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر ئېچىش، چەت تىل ۋە تېخنىكا ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈرۈش، جۈملىدىن مىللەت ئىچىدە ساۋاتسىزلىق، يۇرتۋازلىق، ئىچىملىك ـ چېكىملىككە بېرىلىش، قىمار ـ پاھىشە، بىكار تەلەپلىك، ئالدامچى ـ كاززاپلىق، ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى يولدىن چىقىرىش قاتارلىق مىللەتنى نابۇت قىلىدىغان ھادىسىلەرگە خاتىمە بېرىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەتلەر مىللەتتە ھازىرقى زامان رىقابەت ئېڭىنىڭ ئويغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئېيتىش كېرەككى، مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئېڭى ۋە تۈرلۈك روھىي ئىللەتلەرنى ئورتاق ئەيىبلەش ئىرادىسى بىلەن رىقابەت ئېڭى بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللەتنىڭ رىقابەت ئېڭىنى قانداقتۇ بىر ـ بىرىنى ئالداپ ـ كولدۇرلىتىدىغان، بىر ـ بىرىگە ھەسەت قىلىپ زەربە بېرىدىغان ھېلە ـ نەيرەڭ دەپ قاراشتىنمۇ ئارتۇق بىمەنىلىك يوق. بۇنداق قاراش مىللەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كېمەيتىدۇ، مىللەتنى پائالىيەتسىز، چۈشكۈن ھالەتكە قالدۇرۇپ قويىدۇ. بۇ، مىللەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ مىللەتنىڭ رىقابەت ئېڭىنى ئويغاق قىلغان مەرىپەتپەرۋەر، ئىسلاھاتچىل قاراشلىرىنى تەشەببۇس قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭى بۈگۈنكى زاماندا يېڭى مەزمۇن بىلەن قايتا كۈنتەرتىپكە قويۇلماقتا. ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئېشىپ بېرىشى بىلەن كىشىلەردە مەنىۋى مەدەنىيەت توغرىسىدا، بولۇپمۇ ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا يېڭى تەلەپ شەكىللىنىشكە باشلىدى. كۆڭفۇزى بىر زامانلاردا ئوتتۇرىغا قويغان «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەپكە

قايت، ئىنسانپەرۋەرلىكنى جارى قىل»، «مەنپەئەتنى كۆرگەندە مەجبۇرىيەتنى ئويلا» دېگەن
قاراشلار بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆدغۇرمىش ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا قويغان قانائەت ۋە
ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىدىيىلىرى يېڭى قىممەتكە ئىگە بولماقتا. تەرەققىيات پۈتكۈل مىللەت،
دۆلەت ۋە ئىنسانىيەتتە ئۆز - ئۆزىنى تىزگىنلەش ئىقتىدارى، ئېڭى ۋە سەۋىيىسىنىڭ
بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسەتتى. بۇ بولۇپمۇ بازار ۋە تاۋار مۇناسىۋەتلىرى كۈچەيگەن، پۇل
ۋە ئىستېمال كەيپىياتى ئەۋجىگە چىققان شارائىتتا پۈتۈنلەي شەخسىي مەنپەئەت قوغلىشىپ
تەبىئەت ۋە جەمئىيەت، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ كارمونىك،ھاياتىي شەرتلىرىنى ھالاك قىلىدىغان
كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال ۋە روھىيەت قارىغۇلۇقىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە ئۆزىنى تىزگىنلەش ئېڭىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىش، بىر تەرەپتىن
ھورۇنلۇق، بوشاڭلىق، لايغەزەللىك، بىكار تەلەپلىك، يۈرتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق،
ساختا شۆھرەت، ئىناقسىزلىق ھالەتلىرىنىڭ داۋاملىق ئەۋج ئېلىشىنى[1] چەكلەش بىلەن،
يەنە بىر تەرەپتىن بېيىغاندا خەلقنى ئۇنتۇلىدىغان، مەنپەئەت ئالدىدا كۆزى قىزىرىپ
ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلمايدىغان ھالەتلەرگە بەرھەم بېرىش لازىم.

## 7

«ئىجادىيەت سەپىرىگە ئاتلانغىنىڭدا، جاھالەت دېۋىلىرىنىڭ ھەيۋىلىرىدىن قورقما، ئۇ ئالجىش!
ئويغىنىۋاتقان تەپەككۇر ۋە نۇرلىنىۋاتقان مەدەنىيەت مەشئىلى ئالدىدا جاھالەت ئاتامانلىرى پەقەت
نامازشام پاشىلىرىدىنلا ئىبارەت،خالاس!»

«ئىنسانىيەت نادانلار پادىسى ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدا كۆپلىگەن
ئاڭ ۋە مەدەنىيەت مەشئەلچىلىرى بار»

— «ئىجادىيەتنامە»دىن

مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش يولى خېلىلا جاپالىق يول. ئۇ ئويغىنىش ئوبېيېك-
تىپنىڭ زورلۇقى بىلەنلا ئەمەس، قارشى قۇيۇننىڭ خېلىلا تەرسا ۋە سالماقلىقى بىلەنمۇ
جاپالىق. مۇنداق بىر تارىخىي خاراكتېرلىك بىناكارلىق ۋە مۈشكۈل سەپەر ھەممىدىن
زۆرۈرى بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ۋە قەيسەر باشلامچىلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئويغىنىشىدىن
ئىبارەت. ئۇلار مىللىتىمىزدىن كېلىپ چىققان، مىللىتىمىز سەۋىيىسىدىن ئېگىزلىكتە تۇرغان،
مىللەتنى توغرا تەھلىل قىلالايدىغان ۋە ئۇنى ھەقىقىي ئىجادىيەتكە يېتەكلىيەلەيدىغان
بولۇشى لازىم. قەھرىمانلار كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساختىلىرىمۇ،
بىر مەھەللىكىلىرىمۇ بولىدۇ. ھەقىقىي مۇنەۋۋەر قەيسەر باشلىغۇچىلار ۋە ئىزچىللار ھەتتا
«ئۆيىنى تۇغدۇرىدىغان» پىتنە - پاساتتىن چۆچىمەسلىكى، «توپىلىق مەھەللە»دە رەشىك-
ھەسەت لاي - توزانلىرىغا دۇچ كېلىشلىرىدىن قورقماسلىقى، ئىغۋا - ئۆسەك تاش - چالمى-
لىرىدىن «سۆكەلىلىك مازار» بولۇپ قالسىمۇ داجىماسلىقى، ئوبرازى ھەر خىل تەسۋىرلىنىپ،
ھەر خىل كۆڭۈللەرنىڭ بىر ئىزگىللىك ئوق، سولىدىن ئەيىبلەشلىرىگە ئۇچرىغانىدىمۇ
ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم. ئىشىنىش لازىمكى، تارىخ ئىلگىرىلەشتىن،جەمئىيەت سىۋىلىزا-
تسىيىدىن، ئىنسانىيەت ئىجادىيەت ۋە كامالەتتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولۇپ تۇرۇۋېرىشى مۇمكىن
ئەمەس. پىتنە - ئىغۋا كومبىناتى مۇخلىسلىرى ھەم ئىغۋا تارقىتىشىپ ھەم بۇ جىنايى
قىلمىشلىرىنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇشى جەھەتتە ھەرقانچە ھېلە ئىشلەتكەن بىلەنمۇ

ئاخىرى شەرمەندىلىك بىلەن پاش بولىدۇ. «سېپىستىش» پىتنە - ئىغۋا كومبىناتىنىڭ ئومۇمىي خورى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما تارىخ بەرىبىر ئۇلارنى سېپىستىدۇ. سېپىستىش - سېپىستىغۇچى نەرسىنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىغۋا - ئۆسەكنىڭ زورى بىلەن بولمايدۇ. ئادەمنى ئالداپ - ئاداشتۇرۇش ئارقىلىق «سېپىستانلىق»نى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە كەلگەندە، يەنە شۇ ئادەما بۇ جەھەتتىكى ھەقىقەتلەر ئارقىلىق سېپىستقۇچىلارنى سېپىستىدۇ. بۇ نۇقتىدا مۇجمەللىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئېيتىش كېرەككى، باشقىلارغا زىيان - زەخمەت سالماسلىق تامامەن مۇمكىن، ئەمما باشقىلارنىڭ بۇنداق زىيان - زەخمەت سېلىشىدىن ساقلىنىش ناھايىتى قىيىن. ئالدىنقىسى ئۈچۈن ساكيامونى تەرىپىدىن «قەلب چىرىغى»دەپ ئاتالغان ۋىجدان پەزىلىتى بولۇشى كۇپايە قىلىدۇ. كېيىنكىسى ئۈچۈن مۇنداق پەزىلەت ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ئۇ ھەممە كىشىنىڭ ۋىجدان پەزىلىتىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ ھاقارەتلىنىش تۆھمەت- يالىسىغا يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن خالاس بولۇش تېخىمۇ قىيىن، شۇنىڭدەك تېخىمۇ شەرەپلىك. ياخشىلىقنىڭ ھەربىر زىپەرمارشى يامانلىق دېۋىلىرىنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى ۋە ھىيلىگەر ۋاسىتىلىرىنى پاش قىلىدۇ. دانا مۇشۇ كۈرەش خۇددى زارا ئاسترا ۋە مانىزم ئېتىقادىدىدا دىنىي تۈستە تەسۋىرلەنگىنىدەك ئىنسانىيەتنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇققا يۈكسىلىش يولىنى تەشكىل قىلىدۇ. تارىخنى ئۇلۇغلىغان، تارىختا نوپۇز ۋە ئىشەنچ بېغىشلىغان نەرسە مانا مۇشۇ ئۇلۇغ ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ يۈكسىلىش يولىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك، ئۇنىڭ ئالدىدا كاززاپلىق كومېدىيىسىنى ئويناش، ئۇنى ئالداش تاۋىكاسىنى ئېچىپ قويۇش ھالاكەت ۋە شەرمەندىلىك تەقدىرىگە بەنت بولغۇچىلاردىكى ئەسەبىي ئادەت.

ئىنسان بەرىبىر ئۆلىدۇ. ئۇ جانلىق ئورگانىزم سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ بىر ئۆمرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. ئىنساننىڭ شەخسىي پېشانىسى ۋە تەپەككۇر پائالىيىتىمۇ ئۇنىڭ جىسمانىي ھاياتلىق دەۋرىدىلا دەۋران سۈرەلەيدۇ. مەڭگۈ ئۆلمەس ئورگانىزم بىلەن مەڭگۈ ئۆلمەس ئىندىۋىدال روھ مەۋجۇت ئەمەس. ئەمما مىللەتنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزاق تارىختا جەمغەرلەنگەن مەنىۋى خەزىنىسى، روھىي ئەنئەنىسى، ئىلگىرىلەش ئىنتىلىشلىرى ئۆلمەيدۇ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا راۋان بولۇپ، راۋاجلىنىپ بارىدۇ. بىز ھەربىر كونكرېت شەخس سۈپىتىدە مانا مۇشۇ ئۆلمەس روھنىڭ بۈگۈنكى ھايات چىرىغى يورۇق نامايەندىلىرى بولىشىمىز، پاك كەلگەن بۇ ئۇلۇغۋار روھنى بۇلغىماي، خۇنۇكلەشتۈرۈپ قويماي، پاك پېتى راۋاجلاندۇرۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ، روھىيات ۋە ئىدىئولوگىيە خادىملىرىغا قارىتا ئېيتقاندا تېخىمۇ شۇنداق. تارىخنىڭ كەلگۈسىدە مەسخىرە قىلىدىغىنى دانا بۇ ئۇلۇغۋار روھنى بۇلغىغان، خۇنۇكلەشتۈرگۈچىلەردىن ئىبارەت. ھىدايىتۇللا خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋەلىخان تۆرە، خوجا مەھمۇد «پوچى» ئۇنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن ئىبارەت.

1990 - يىلى 7 - ماي، ئۈرۈمچى




مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى ـ ئۇنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى قىياپىتىدۇر.

**ن. گ. چېرنىشېۋسكى**

دۆلەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى تەشكىل قىلغۇچى شەخسلەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە باغلىق.

**ج. مىل**

روھىي دۇنيادا ئادەم بولۇش ئاجايىپ مەرتىۋىدۇر.

**م. گوركىي**

ئادەمگە ئۇلۇغلار ئالدىدا تەزىم قىلىشلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىشكە ئىنتىلىشىمۇ كېرەك.

**ۋ. ئى. مۇخىنا**

ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئاجايىپ مەۋجۇدات ھېسابلانغان ئىنسان بىلەن پەخىرلىنىشنى ئۆگەنمىگىچە، تاكى ئاشۇ چاغ كەلمىگىچە، ھاياتىمىزدىكى قەبىھلىك ۋە يالغانچىلىقتىن قۇتۇلالمايمىز.

**م. گوركىي**

ئىنسانىي بىلىش ئۈچۈن ئۇنى سۆيۈش كېرەك.

**ل. فېيېرباخ**

ئەڭ قىيىنى ـ ئۆز ئىشىنى چۈشىنىش، ئەڭ ئاسىنى ـ باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش.

**فالىس**

دانا ئادەم ئۆز دۈشمەنلىرىدىنمۇ كۆپ نەرسە ئۆگىنىۋالىدۇ.

**ئارىستوفان**

«ھېچكىمگە زىيىنىمىز تەگمەيدۇ» دەپ يۈرۈيدىغان كىشىلەر ئەكسى ھاللاردا كۆپچىلىككە زىيانداش بولۇپ چىقىدۇ.

**ف. لاروشفۇكو**

ئۆزۈڭمۇ يەرگە ئۇرۇلماي تۇرۇپ، ئۆزگىنى يەرگە ئۇرالمايسەن.

**ۋاشىنگتون**

خىزمىتى ئاز كىشىلەر باشقىلارنى ئاز ماختايدۇ.

**پىلوتارخ**

ئادەتتىكى ئادىمىيلىك بولمىسا، كوممۇنىستىك ئەخلاقمۇ بولمايدۇ.

**ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكى**

ئەخمىقانە، مەنىسىز، قانائەتسىز ياشاش ھەرگىز ياشاش ئەمەس، ئاستا ـ ئاستا ئۆلۈش دېمەكتۇر.

**دېموكرىت**

ئۇزاق ياشاشتىن كۆرە توغرا ياشاشنى بىلىشىڭ مۇھىمدۇر.

**سېنېكا**

ئەڭ يىرگىنچلىكى، دۇنيادا نەتىجىسىز ياشاشتۇر.

**ن.م.كارامزىن**

ھايات ئۆزىنى ئۆگىنىدىغان ئادەملەرگىلا ئۆگىتىدۇ.

**ۋ.ئو.كىليوچېۋسكى**



بەزىدە سۈسلۈق ئۆلۈمگە تەڭ بولىدۇ.

**م.ۋ.لومونوسوۋ**

بەزىلەر ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا بەختلىك ياشايدۇ.

**ل.ۋوۋېنارگ**

مەدەنىيەت قانچىلىك يۈكسەك بولسا، ئەمگەكمۇ شۇنچە يۈكسەك قەدىرلىنىدۇ.

**ب.روشېر**

دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن مۇناسىپ ئىش تاپالمىغان ئادەم ئەڭ بەختسىز ئادەمدۇر.

**ت. كارلېيل**

بىر ئادەمگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك ھەممە ئادەمگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىكتۇر.

**ش. مونتېسكيو**

ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ كارى بولماسلىق، شۇ ناھەقچىلىققا قاتنىشىش بىلەن باراۋەر.

**ژ. ژ. روسسو**

دوزاخنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرى بۈيۈك مەنىۋىلىكنى سىنايدىغان مىنۇتلاردا بىتەرەپ تۇرىدىغان ئادەملەرگە قالدۇرۇلغان.

**دانتې**

ھەقىقەتنى سۆزلەش ھەركىمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ.

**م. گوركىي**

ھەقىقەتنى يامان كۆرىدىغان ئادەملەر ئۇنى دادىل سۆزلەيدىغانلارنىمۇ يامان كۆرىدۇ.

**ف. فېلېنان**

بۆھتان مىلتىقتىنمۇ خەۋپلىك قورالدۇر.

**ئا. گ. روبىنشتېيىن**

ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەملا خاتا ئىش قىلمايدۇ.

**ۋ. ئى. لېنىن**

ئادەمنىڭ زېرەكلىكى ھېچقاچان خاتالاشماسلىقتا ئەمەس، بەلكى خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىقتا.

**ك. بائۇۋى**

ھەممە ئادەم يېڭىلىدۇ، لېكىن بۈيۈك ئادەملەر يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئالىدۇ.

**ب. فانتېنېل**

سىز نېمىنى چۈشەنمىسىڭىز، ئۇ سىز ئۈچۈن يات.

**ئى. گېيوتې**

ئەگەر سەنئەتتىن زوقلىنىشنى خالىساڭ، بەدىئىي مەلۇماتلىق كىشى بولۇشۇڭ كېرەك.

**ك. ماركس**

جاھىللىقتىنمۇ ئارتۇق بەختسىزلىك يوق.

**ئە. ناۋائىي**

بىرەر نەرسىنى تولۇق بىلمىگەندىن، پۈتۈنلەي بىلمىگەن ياخشى.

**پوبلىلىي سىر**

سوقراتنىڭ دانالىقى شۇنىڭدىكى، ئۇ بىلمىگىنىنى ھەرگىزمۇ «بىلدىم» دېمەيتتى.

**تىستسېرون**

ئىنسانغا خاس بولغان ھەممە پەزىلەتلەر ئىچىدىكى ئومۇمىي ۋە ئەڭ ئالىيجانابى — ئەقىل.

**گ،مابلى**

ئەقىل ئەركسىزلىككە چىدىيالمايدۇ.

**د. ئى. پىساروۋ**

چېكىدىن ئاشقان بىلەرمەنلىك نادانلىقنىڭ ئەڭ شەرمەندە كۆرۈنۈشىدۇر.

**گ. لىختېنبېرگ**

ئەقىلسىزنىڭ ئاز - كۆپلۈكىنى ئۇنىڭدىن چۈشۈۋاتقان سايىغا قاراپ ئۆلچەڭ.

**ر. برائۇنىنىڭ**

بەزى ئادەملەر كۆپىنچە، ئەقلىنى نادانلىق ئۈچۈن ئىشقا سېلىپ قالىدۇ.

ف. لاروشفۇكو

كىمكى مۇئەييەن ۋەزىيەتلەردە ئەقلىنى يوقاتمىغانىكەن، ئۇنىڭ ئومۇمەن يوقىتىدىغان نەرسىسى بولمايدۇ.

گ. لېسسىڭ

پەقەت نادانلارلا كۈلكىسىز ياشايدۇ.

م. م. پرىشۋىن

ئەڭ شاد كۈلكە — سېنى كۈلكىگە قالدۇرغانلار ئۈستىدىن كۈلۈشتۇر.

ۋ. ئى. كلىيوچېۋسكى

دانىشمەنلىكنىڭ چېكى بولىدۇ. تەلۋىلىكنىڭ چەك - چېگرىسى يوق.

يا. راينىس

ئاجىز ئەقىلگە چاقچاق ئورۇنسىز.

ۋ. شېكسپىر

ئەخمەقنىڭ سۆزلىرى ھەر قانچە بىمەنە بولغان بىلەن، بەزىدە ئەقىللىق ئادەمنىمۇ تەمتىرىتىپ قويىدۇ.

ن. ۋ. گوگول

قىسقا سۆزنىڭ سالمىقى ئېغىر بولىدۇ.

ۋ. شېكسپىر

چىرايلىق سۆزلىگەندىن ئورۇنلۇق سۆزلىگەن ياخشى.

ب. گراسىان

جەمئىيەت تەن ئېلىنغان ھەقىقەتلەر بىلەن ياشايدۇ.

ئو. بالزاك

ھەر تەرەپلىمە بىلىمنىڭ غايەت زور قورالى ئوقۇش ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتۇما.

ئا. ئى. گېرتسىن

ئادەملەر كىتاب ئوقۇشتىن توختىسا، پىكىر قىلىشتىنمۇ توختايدۇ.

د. دىدرو

نادانلار توپىدا ئولتۇرغاندىن كۆرە كىتابتىن تەسكىن تاپقان ئەۋزەل.

پ. بوئاست

قەيەردە يۈكسەك بولسا پەن،
ئۇندا يۈكسەك ئادەممۇ.

ئا. ئى. پولېژايېۋ

مۇتەئەسسىپ — ئىككى پۇتى ساپ-ساق تۇرۇپ، مېڭىشنى ئۆگىنەلمىگەن ئادەمدۇر.

ب. روزۋېلت

مۇتەئەسسىپلىك ئاسانلىق تۇپرىقىدا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

م. گوركىي

ئادەملەر باشقىچە بولۇپ قالمايدۇ. بەلكى «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ».

ك. گېلۋېتس

## ئانا ھەققىدە

مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا.

ئو. بالزاك

يەر يۈزىدىكى بارلىق گۈزەللىكلەر ئانىلارغا بولغان مۇھەببەت تۈپەيلى ۋۇجۇدقا كەلگەن.

م. گوركىي

ئانا — مۇقەددەس زات، سۆيگەن ئانىلىڭ بولسا، ئۇنىڭدىن ئىككى باراۋەر مۇقەددەستۇر.

ئا. ديۇما

ئۆز مۇھەببىتى يولىدا ئېلىشىۋاتقان ئايالنىڭ قەتئىيىتى — ئادەمدە مەۋجۇت ھەممە قەتئىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئالىيجانابىدۇر.

ستېندال

ئانىلارغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك — ئەخلاقسىزلىقنىڭ بىرىنچى ئالامىتى.

ئا. س. پۇشكىن

ئانىلا پائالىيىتى — مېھىر-مۇھەببەت پائالىيىتىدىن ئىبارەت.

ر. تاگور

قەيەردە ئاياللار، قىزلار قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، شۇ يەردە بالىلار ھەقىقىي ئەر بولۇپ يېتىشىدۇ.

**ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي**

ئانا — بوۋاق بالىلارنىڭ تىلى ۋە دىلىدىكى خۇدانىڭ نامى.

**ئۇ. تىككەرېي**

پەقەت ئۆزىگە پەرداز قىلىشتىن باشقا نەرسىنى بىلمىگەن ئاياللارنىڭ ھاياتىدىن ئېچىنىشلىقراق نەرسە دۇنيادا يوق.

**ب. فونتېنېل**

ئاتا - ئانا خۇرسەنلىكى — دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتتۇر.

**مۇھەممەد ھوسەيىن**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر داۋۇت

## سەنئەت ھەققىدە

مېھنەتسىز ھايات — ئوغۇرلۇق،
سەنئەتسىز ھايات — ۋەھشىيلىك.

**ۋ. ئى. لېنىن**

سەنئەت — ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى قابىلىيەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك ئىپادىسى.

پەن بىلەن سەنئەت بىر - بىرىگە ئۆپكە بىلەن يۈرەكتەك چەمبەرچاس باغلانغان. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى كېرەكتىن چىقسا، ئۇ چاغدا يەنە بىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختايدۇ.

**ل. ن. تولستوي**

سەنئەتچى — ئۆز ئېلىنىڭ، ئۆز سىنىپىنىڭ سەزگۈ ئەزاسى، قۇلىقى، كۆزى ۋە يۈرىكىدۇر ھەمدە ئۆز دەۋرىنىڭ ساداسىدۇر.

**م. گوركىي**

ئەگەر يەر يۈزىدە كارامەت مۆجىزە بار دېيىلسە، سىز ئۇنى سەھنىدىلا كۆرۈشىڭىز مۇمكىن.

تىياتىر — ئادەملەرنى ئۇيۇشتۇرغۇچى غايىۋى ۋاسىتىدۇر. تىياتىردا ئادەملەر بىر-بىرىسى بىلەن تونۇشىدۇ، ياخشى نىيەتلىرىنى ئورتاقلىشىدۇ.

تىياتىر — ئىككى تەرىپى چاقلانغان شەمشەرگە ئوخشايدۇ. بىر تەرىپى بىلەن يورۇقلۇق شەرىپى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ۋە ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرىپى بىلەن قاراڭغۇلۇق ۋە نادانلىق قالدۇقلىرىنى تارمار قىلىدۇ.

**ك. ستانىسلاۋسكىي**

سەنئەت پەقەت كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ تۇرمۇشىمىزنى ئۆز ھارارىتى بىلەن ئىسسىتىشى، ئادەملەرنىڭ ئەمگەك قىلىشىغا، دوستلۇقىغا ياردەم بېرىشى لازىم.

**د. ب. كابالېۋسكىي**

مۇزىكا — دانىشمەنلىك ۋە پەلسەپىدىنمۇ يۈكسەكرەك كۆڭۈل ئىزھارىدۇر.

**بېتخوۋېن**

مۇزىكا — پۈتكۈل سەنئەتنىڭ ئىچىدە ئەڭ قۇدرەتلىكى، ئەڭ تەسىرلىكى.

**م. بېرلوز**

مۇزىكىنى سۆيۈش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنى تىڭشاشنى بىلىش كېرەك.

**د. شوستاكوۋىچ**

ناخشا — خەلقنىڭ ساداسى، ھەقىقىتى، ئوي - پىكرى ۋە ھېسسىياتى.

**جامبۇل**

مۇكەممەل سەنئەتنىڭ ئۆزگەرمەس بەلگىسى ئۇنىڭ ھەمىشە يېڭى بولىدىغانلىقىدا.

**ف. م. دوستويېۋسكىي**

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ






(ئۇيغۇر خەلق چۆچەكى)

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا تۆگە دۇمباقچىدى، كالا راۋابچىدى، ئېشەك غىجەكچىدى، كۆك كەپتەر موللاقچىدى، ئاق كەپتەر شاللاقچىدى، قۇلان قۇلىدى، جەرەن جەددىدى، تۆت پۇتى يەددىدى. شۇ زاماندا بىر يۇرتنىڭ بىر پادىشاھى بار ئىكەن. پادىشاھنىڭ خانىشى بىر ئوغۇل قالدۇرۇپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلغانىكەن. شاھزادە بالاغەتكە يەتكەندە پادىشاھ قول ئاستىدىكى پۇقرالار ئارىسىدىن بىر كەمبەغەلنىڭ يالغۇز قىزىنى 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شۇنىدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي پادىشاھ كېسەل بولۇپ



ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پادىشاھلىق تەخت ئوغلىغا قاپتۇ. يېڭى پادىشاھ گەرچە ياش بولسىمۇ، ئەل - يۇرتنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپتۇ. بىراق خانىش تۇغماپتۇ، نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىلىپ بېقىپتۇ، ئۇنىڭمۇ بولماپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭمۇ چاچ - ساقاللىرىغا قىرو قونۇپتۇ. ئۇ، دۇنيادىن پەرزەنتسىز ئۆتىدىغان بولدۇم دەپ تازا ھەسرەت چېكىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە خانىش ھامىلدار بولۇپ قاپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ پادىشاھ بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك خۇشال بولۇپتۇ. ئۇ ھەر ھەپتىدە شىكارغا چىقىپ ئېغىر ئاياغ ئايالىغا قىرغاۋۇل، ئۇلار قاتارلىق گۆشى تەملىك ئېسىل ئۇچار قاناتلارنى ئۇۋلاپ، چىرايلىق تاغ گۈللىرىنى ئەكىلىپ تەقدىم قىلىدىكەن. پادىشاھ ھەر قېتىم شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە خانىش پادىشاھنىڭ ئالدىغا قايماق چاي ئەكىلىپ قويىدىكەن. بىر كۈنى پادىشاھ شىكاردىن قايتىپ كەلگەندە، ئۆزىنىڭ ئەقىلدارى - مەسلىھەتچىسى، خەلققە ئۆلىما دەپ تونۇلغان بىر مۆتىۋەر كىشىنى خانىسىغا باشلاپ كېلىپتۇ. خانىش ئادەتتىكىدەك قايماق چاي قويىمەن دەپ ئېڭىشكەنىكەن، ئېغىرلىشىپ قالغان قورسىقى سىقىلىپ يەل قويۇپ بېرىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ. خانىش خىجىللىقتا يۈزىنى توسقان پېتى ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ھېلىقى ئۆلىما:

— شاھىم، بىر ئادىل پادىشاھنى مېھمان ئالدىدا كۆزگە ئىلماي ئۇياتقا قالدۇرغان بۇنداق بىئەدەب خاتۇننى ئۆيدە ساقلاش جايىز ئەمەستۇر، ئۇنى دەرھال ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلماق كېرەك، — دەپتۇ. شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە پادىشاھنىڭ باش ۋەزىرى پادىشاھتىن ھاردۇق سوراش ئۈچۈن كىرىپ قاپتۇ. ئۇ، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن پادىشاھقا چوڭقۇر تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە، سەلتەنەت تەختلىرى بەرقارار ۋە مۇستەھكەم بولسۇن. مېنىڭچە، خانىش بىلىپ تۇرۇپ ئۇنداق بىئەدەبلىك قىلمىغاندۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۇقمىغان ھالدا تاسادىپىي يۈز بېرىپ قالغان سەۋەنلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر شاھىمىز ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش قارارىغا كەلگەن بولسا، ھۆكۈم تېخى ئېلان قىلىنمىدى، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مەن خانىشىمىزنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلىمەكچىمەن. سەۋەب شۇكى، ئۇنى ئۆلتۈرسەك بىرنى دەپ ئىككى جانغا زامىن بولىمىز، ھازىر خانىشنىڭ ھامىلدار بولغانلىق خۇشخەۋىرىنى ئاڭلىغىنىمىزغا ئالتە ئاي بولدى. كەمىنە قۇللىرىنىڭ بۇ پىكىرىنى بىر قۇر ئويلاپ بېقىشلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلىمەن، — دەپتۇ. بىراق ھېلىقى ئۆلىما گەپنى تارتىۋېلىپ:

— ئەدەبسىزگە ھىمات بولماق، شاھىمىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى ساقلاش، سىزگە ئېيتىدىغان گېپىم شۇ ۋەزىر ئەزىم جانابلىرى، — دەپتۇ.

پادىشاھقا باش ۋەزىرنىڭ پىكرى ئورۇنلۇقتەك تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئۆلىمانىڭ پىكرىنى ئەزەلدىن رەت قىلىپ باقمىغاچقا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئارىسالدا بولۇپ قاپتۇ. شۇ پەيتتە باش ۋەزىر ئۆلىماغا قاراپ:

— تەقسىر، ئاچچىققا ھاي بېرىش — ئادەمنى ئازدۇرۇپ خاتا يولغا باشلاۋاتقان شەيتاننى قوغلىۋەتكەنلىك بىلەن باراۋەر، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ، ئوسال بولغان

ئۆلىمىسا قەھرى غەزەپ بىلەن باش ۋەزىرگە قاراپ چەكچىيىپ تۇرۇپ:

— خوش، ۋەزىر ئەزىم، سىزچە بولغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟! دەپ چالۋاقاپتۇ.

— جانابىي ئۆلىمانىڭ پىكرى ئاشۇ بىمەدەبنى كۆزدىن يوقىتىش. مېنىڭچە، ئۇنى يىراق چۆل - جەزىرىگە پالىۋېتەيلى، شۇ يەردە ئامان قېلىپ تۇغسا ئۆزىنىڭ تەلىيى، ئۆلۈپ كەتسە بىز گۇناھكار بولمايمىز، — دەپتۇ. بۇ مەسلىھەت پادىشاھقا يېقىپتۇ. باش ۋەزىر پادىشاھ ھوزۇرىدىن چىقىپلا ھۆكۈمالارنى يىغىپ نۇرغۇن يېمەكلىك ۋە زاپاس سۇلارنى سېسىمايدىغان، ئېچىمايدىغان قىلىپ تەييارلىتىپ، خانىشنى ئېلىپ ماڭىدىغان لەشكەر باشلىقىغا خۇپىيانە ھالدا تاپشۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئەمرى بىلەن ياساۋۇللار خانىشنى تۆت ئەتراپى 30 كۈنلۈك كېلىدىغان بىر جەزىرىگە ئاپىرىپ تاشلاپ كەپتۇ. خانىش چۆلدە بىر ئەپلىك جاينى تېپىپ بىر گەمە قېزىپتۇ. گەمىنىڭ ئۈستىنى پالاس، كىگىزلەر بىلەن يېپىپ، چۆرىسىنى چېپىپ چىقارغان توپا - تاشلار بىلەن بوسۇرۇپ جايلىشىۋاپتۇ. ئاي كۈنى توشۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بالا ئۈچ ئايلىق بولغاندا زاپاس سۇ تۈگەپ قاپتۇ. خانىش بالىسىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ سۇ ئىزدەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما سۇ تاپالماي قايتىپ كەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بالىسى ئويغىنىپ، يىغلاپ، تېپىرلاپ، يەرنى تېپىپ، بىر قاچا سۇ پاتقىدەك جاينى ئويۇپ قويۇپتۇ. خانىش كۆڭلىدە بىر نېمىنى سەزگەندەك بالىسى ئويۇپ قويغان جاينى كولاپتىكەن، ئۇ يەردىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خانىش دەرھال باشقا يەردىن گەمە كولاپ ئورۇنلىشىپتۇ. بالدۇرقى گەمىدە بىر بۇلاق ھاسىل بوپتۇ، سۈيىمۇ شۇنداق تاتلىق ئىكەن. بىر كۈنى بۇ يەرگە بىر توپ ئادەم كەپتۇ، ئۇلار كارۋانلار ئىكەن. ئەسلىدە بۇ يەردىن بىر يىلدا بىر قېتىم كارۋان ئۆتىدىكەن. كارۋانلار بۇ يەردە بۇلاق پەيدا بولغانلىقىنى، بۇلاق سۈيى بىر ئېرىق ھاسىل قىلىپ ئېقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ پات - پات ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئۇلار ھەر قېتىم كەلگەندە خانىشقا يېمەكلىك ۋە لازىمەتلىك نەرسىلەرنى قويۇپ كېتىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ خانىش قىيىنالماي ئالتە يىلنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. بالا كۈنسايىن چوڭ بولۇشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن خانىش بۇ يەردە تۇرسا بالىنىڭ ئوقۇشسىز قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىر كۈنى بالىسىنى ئېلىپ تەۋەككۇل قىلىپ بىر تەرەپكە قاراپ يول ئاپتۇ. مېڭىپتۇ، بىر نەچچە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، تاپانلار تېشىلىپتۇ. ئاخىر بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. بىر ئىگىسىز ئۆينى تېپىپ جايلىشىپتۇ. بالىسى يەتتە ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۆزى دوپپا تىكىپ سېتىپ كۈن كەچۈرۈپتۇ.

ئەمدى ئىككى كەلىمە گەپنى پادىشاھتىن ئاڭلايلى.

پادىشاھ خوتۇنىنى چۆل - جەزىرىگە پالىۋەتكەندىن كېيىن ئۆز تەۋەلىكىدىكى پۇقرالار ئارىسىدىن بالىسى يوق بىر ئادەمنىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئاپتۇ. يېڭى خانىش بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بۇ شاھزادىمۇ مەكتەپكە بېرىپتۇ. ئىككى شاھزادە بىر - بىرىدىن ئالتە ئايلىقلا پەرق قىلىدىكەن. ئۇلار مەكتەپتە ئىنتايىن چىقىشىپ قىلىپ ئايرىلماس دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ. بەش يىل بىللە ئوقۇپتۇ. كىچىك شاھزادە ھەر كۈنى مەكتەپتىن يانغاندا بۇ ساۋاقدىشىنى ئۇردىغا باشلاپ كىرىپ كەچكىچە بىللە دەرس تەكرارلايدىكەن. بۇ كۈنلەردە ئۇلار قوشاق-

نەزمىلەرنى توقۇشۇپ، مۇشائىرىلىشىدىغان، زېھىن سىنىشىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. چوڭ خانىش بالىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كەچ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر كۈنى بالىسىدىن كەچ قايتىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىكەن، بالىسى ئوردىدا شاھزادە بىلەن دەرس تەكرارلاپ كەچ قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. بۇ ئانا ئەسلىدە ئۆز شەھىرىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەنىكەن. ئۇ، ئوغلىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— بالام، بۇندىن كېيىن ئوردىغا بارما، مەكتەپتىن يېنىپلا ئۆيگە كەل، مەن بەك ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن، — دەپتۇ ئانا. بالىسى «خوپ، ئانا» دەپتۇ-دە، شۇندىن كېيىن «ئانام ئاغرىقچان بولۇپ قالدى، ئۆيگە بېرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسام بولمايدۇ» دېگەننى باھانە قىلىپ ئوردىغا كىرمەيدىغان بوپتۇ. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ كېيىنكى ئوغلى بەزى دەرسلىرىنى تەكرارلىيالماي ھېلىقى ساۋاقدىشىنى يەنە تەكلىپ قىلىپتۇ. نائىلاج قالغان بالا شاھزادىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي شاھزادە بىلەن بىللە ئوردىغا بېرىپتۇ. شۇ كۈنى پادىشاھ ھېلىقى ئۆلىما بىلەن بىر ئىش ئۈستىدە پىكىرلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، ئىككى بالا سالام قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇ ئۆلىمانىڭ يۈرىكى ئەنسىز ئويناپ كېتىپتۇ. ئاردىن بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن يۈزىكى سەل جايىغا چۈشكەندەك بوپتۇ. ئۇ، پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— كەرەملىك شاھىم، شاھزادە بىلەن بىللە كىرگەن ھېلىقى بالا 12 ياشقا كىرىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ شاھزادە بىلەن بىللە بولۇۋېلىشى سەۋەبسىز ئەمەس، ئۇنى ۋاقتىدا كۆزدىن يوقاتسىلا، ئۇنداق قىلمىسىلا يەنە ئاز كۈندىن كېيىن پادىشاھلىقلىرىغا چاڭ سالىدۇ، — دەپتۇ.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۇنىڭ سۆزىنى مەنسىتمىگەن ھەم ئېتىبارسىز قارىمىغان ھالدا.

— مەن بۇ بالىنىڭ شاھزادىمىز بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى بىر قانچە قېتىم كۆردۈم، شۇندىن كېيىن قۇرئە سالسام قۇرئىدە مەن دېگەن بايىقى ئاقىۋەتتىن بېشارەت بولدى، — دەپتۇ ئۆلىما.

پادىشاھ دەرھال باش ۋەزىرىنى چاقىرتىپ، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بوپتۇ.

— شاھىم، ئۆلىما ھەزرەتلىرىنىڭ قۇرئەسىدە شۇنداق دەپ چىققان بولسا، بۇ ئېھتىيات قىلىشقا، سەل قارىماسلىققا تېگىشلىك ئىش ئىكەن. ئەمما بۇ بالىنى مۇنداقلا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتسەك، كېيىن خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش بولۇپ قالسا، بۇ ئىش جانابلىرىنىڭ ئادىل پادىشاھ دېگەن ئاۋام خەلق بەخش ئەتكەن شۆھرەتلىك ناملىرىغا داغ بولۇپ چۈشىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ سەت ئىش بولمايدۇ: شۇڭا ئۆلىما ھەزرەتلىرى ئۆز مەقسىتىگە مۇۋاپىق باشقا بىر يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسا، دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن، — دەپتۇ باش ۋەزىر. پادىشاھ ئۆلىماغا سىز نېمە دەيسىز دېگەندەك سوئال ئىشارىتى بىلەن قاراپتۇ. ئۆلىما ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ:

— ۋەزىر ئەزەمنىڭ پىكرىمۇ مېنىڭ پىكرىمگە ھەم قوشۇلغانلىق ھەم ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن بېشارەت بەردى. مېنىڭ تەكلىپىم شۇكى، پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇنىڭغا «ئالتۇننىڭ ئۇرۇقىدا ھاۋاغا ئوردا سالىدىغان بىر ئۇستا تېپىپ كەل» دېگەن ۋەزىپە تاپشۇرسا، ھەم بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىماي

قايتىپ كەلمەيسەن دېگەننى شەرت قىلسا، — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بالىنى چاقىرتىپ، يۇقىرىقى ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپتۇ. ۋەزىپىنى ئورۇندىماي قايتىپ كەلسە شەرتنى بۇزغان گۇناھى ئۈچۈن كاللىسىنى ئالىدىغانلىقىنى، ۋەزىپىسى ئورۇنداپ كەلسە پادىشاھلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بالا «خوپ، شاھىم» دەپتۇدە، شۇ كۈنىلا يولغا چىقماقچى بولۇپتۇ. ئۇ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا، ئانىسى:

—ئوغلۇم، مەن ساڭا ئوردىغا كىرمە دېسەم گېپىمگە قۇلاق سالمىدىڭ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ «خوپ» دەپ چىققانىكەنسەن، بوپتۇ بار. لېكىن شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنىڭكى، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىر يوشۇرۇن سۇيىقەست باردەك قىلىدۇ. ھېلىقى ئۆلىما، — دەپتۇدە، گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گېپى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ، كۆزى ياشقا تولۇپتۇ.

—ئانا، «بار» دېگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت، ئۇلار سۇيىقەست پىلانلىغان بولسا بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن. لېكىن سەن خاتىرجەم بول، ئورنى كەم كولىسا ئۆزى چۈشىدۇ. خوش، مەن كەتتىم، — دەپتۇ بالا. ئانىسى ئاق يول تىلەپ، دۇئا قىلىپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بالا شۇ يۈرۈشىدە ئالتە يىل توختىماي مېڭىپ كەزمىگەن چۆل-باياۋان، بارمىغان شەھەر ۋە يېزا-قىشلاقلىرى قالماپتۇ. بويى ئۆسۈپ، بۇرۇتى خەت تارتىپ، يىگىتلىك پەسلىگە قەدەم قويۇپتۇ، ئەڭ ئاخىرىدا چىن-ماچىن شەھەرىگە بېرىپ قاپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ ئۇ بارمىغان بىرلا يېزىسى قالغانىكەن، يىگىت شۇ يېزىغا قاراپ يول ئاپتۇ. يولدا ئاپئاق ساقال، پاكىزە قېرىغان بىر بوۋاي يولۇقۇپتۇ. بالا ئەسسالامۇئەلەيكۇم دەپ بوۋايغا سالام بېرىپتۇ. بوۋاي ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام دەپ بالىنىڭ سالامىنى ئىلىك ئاپتۇ.

—بوۋا نەگە ماڭدىڭلا، ئۆيلىرى نەدە؟ دەپ سوراپتۇ بالا بوۋايدىن تىنچلىق ۋە ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن.

—ئۆيگە ماڭدىم، ئۆيۈم ئاشۇ كۆرۈنگەن دەرەخلىكتە، — دەپتۇ بوۋاي.

—يولىمىز بىر ئىكەن، بىللە ماڭىدىكەنمىز، — دەپتۇ بالا. ئەمما بوۋاي كەم سۆز، جىمغۇر ئىكەن. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، — بوۋا، تايىدىن بىرنى مىنسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەپتۇ بالا.

—نېمە دەيدىغانسەن بالام، «كانايىنى ياغلىمىغىلى ياغ يوق، سۇنايغا نەدە» دېگەندەك قورساققا يەيدىغىنىم يوق تۇرسا تايغا نەدىكى پۇل، — دەپتۇ بوۋاي. يەنە بىر ئاز مېڭىپ:

—بوۋا، يولنىڭ تاناۋىنى تارتقاچ ماڭمايمىزمۇ؟ دەپتۇ بالا.

—يولنىڭ تاناۋىنى قانداق تارتىمىز؟ بۇ بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلەمدۇ، نەدىكى يوق گەپنى قىلىدىكەنسىنا! — دەپتۇ بوۋاي سەل ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ. بالا ئۇنىڭ سەپرا مىجەزرەك ئىكەنلىكىنى بايقاپتۇ، لېكىن پەسەنت قىلماي:

—بوۋا، قورويىڭىزدا ئىتىڭىز بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

—ھە، بىر قانجىق بار، — دەپتۇ بوۋاي.

—ئۆيىڭىزنىڭ تۈۋرۈكى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بالا يەنە.

—مېنىڭ ئۆيۈم كەمبەر ئۆي، ئۇ ئۆيلەرگە تۈۋرۈك ھاجەتسىز، — دەپتۇ بوۋاي.

—ئۆيىڭىزنىڭ چىرىغى بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ بالا. شۇ چاغدا بوۋاينىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ. ئۇ ئۆزىنى باسالماي:

—تولا زوغۇيلۇق قىلماي يولۇڭغا ماڭ، ئۆي دېگەندە چىراغ بولمامدۇ؟ — دەپتۇ بوۋاي زەردە بىلەن.

—بوۋا، ھەر قېتىم بىر يەرگە بېرىپ قايتىپ ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيگە كىرگىچە ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئۇرۇۋېتىمەك،— دەپتۇ بالا. دەل شۇ چاغدا بوۋاي توختاپ قاپتۇ. ئۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانىكەن. بالا بۇنى پەملەپ: «خوش بوۋا، ئامان بولۇڭ» دەپتۇ-دە، يولغا راۋان بوپتۇ. بوۋاي مەن ئۇنىڭ ھەممە گەپلىرىگە جاۋاب بەردىم، بەزى گەپلىرىنى رەت قىلدىم، ئەمدى ئاخىرقى سۆزىگە ئەمەل قىلىپ باقاي،— دەپ ئىشىكنى ئۈچ قېتىم ئۇرۇپتۇ، لېكىن ئىشىك دەرھال ئېچىلماي ھايال بولۇپراق ئېچىلىپتۇ.

— دادا، ھېچقاچان ئىشىكنى ئۇرمايتتىڭىز، بۈگۈن ئەجەب ئىشىكنى ئۇرۇپ سالدىڭىزغۇ؟— دەپ سوراپتۇ بوۋاينىڭ ئىشىكنى ئاچقان قىزى. بوۋاي يولدا بولغان ئەھۋالنى قىزىغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ھەم ئۇ بالا توغرىسىدا:

—ئەجەبمۇ تولا گەپ قىلىدىغان زۇغۇي بالىكەن، گەپ سوراۋېرىپ تويغۇزۇۋەتتى، ئۇنىڭ گەپلىرىگە رەددىيە بەردىم، بىراق ئاخىرقى بىر گېپىنى ئاڭلاپ قوياي دەپ ئىشىكنى ئۇرغانىدىم، سەنمۇ ھايال بولۇپ ئاچتىڭغۇ، نېمە بولدى، ئۇخلاۋاتامتىڭ؟— دەپتۇ بوۋاي.

—ياق، دادا، بويۇمنى سۇغا سېلىۋاتاتتىم، شۇڭا سىزنى بىر ئاز ساقلىتىپ قويدۇم، يۇيۇنمىغان بولسام ئىشىكنىمۇ ئەتمەيتتىم. دادا، ئۇ ئاجايىپ ئەقىللىق بالا ئىكەن. قېنى ئۇ بالا، دەرھال چاقىرىپ كېلىڭ،— دەپتۇ قىزى.

—سەن ئۇنىڭ ئەقىللىقلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟— دەپ ھەيران بولۇپ قىزىغا قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ بوۋاي.

—دادا، ئۇنىڭ تايىدىن بىرنى مىنىسىڭىز بولمامدۇ دېگىنى ھاسا تۇتسىڭىز بولمامدۇ دېگىنى؛ يولنىڭ تاناۋىنى تارتقاچ ماڭايلى دېگىنى پاراڭلاشقاچ ماڭايلى دېگىنى؛ ئۆيىڭىزدە ئىتىڭىز بارمۇ دېگىنى خىزمەتچىڭىز بارمۇ دېگىنى؛ ئۆيىڭىزنىڭ تۈۋرۈكى بارمۇ دېگىنى ئوغلىڭىز بارمۇ دېگىنى؛ ئۆيىڭىزنىڭ چىرىغى بارمۇ دېگىنى قىزىڭىز بارمۇ دېگىنى،— دەپتۇ قىزى. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي دەرھال سىرتقا چىقىپ، ئۇ يىگىتنى تېپىپ ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ. بوۋاي ئەمدى ئۇنىڭغا باشقىچە، خۇشخۇي مۇئامىلە قىپتۇ. ئۇنى خۇدايىم يەتكۈزگەن خاسىيەتلىك يىگىت، خىسلەتلىك ئوغلۇم دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇلۇغلاپتۇ. بوۋاينىڭ بۇ كىمىر ئۆيى بىر نەچچە ئېغىزلىق بولۇپ بىرىدە ئۆزى، بىرىدە قىزى تۇرىدىكەن، يەنە بىرىنى كەمبەغەل بولسىمۇ مېھمانخانا ئورنىدا راسلاپ قويغانىكەن. يىگىتنى مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇپتۇ. يىگىتكە قاتتىق-قۇرۇق ئارپا نېنى بىلەن چاي بېرىپتۇ. ئاندىن،— دەم ئېلىڭ بالام،— دەپ ئۇنى يالغۇز دەم ئېلىشقا قويۇپ قايتىپ چىقىپتۇ. بىر پاقلىنى بار ئىكەن سويۇپتۇ. كەچتە قىزى قوشنىسىنىڭ بىر قىزى بىلەن بىللە چۆچۈرە ئېتىپتۇ، قۇيماق ساپتۇ. بۇ ئارىلىقتا يىگىت راھەتلىنىپ بىر ئاز كۆز يۇمۇۋاپتۇ. تاماق تەييار بولغاندا بوۋاينىڭ قىزى ھېلىقى دوستىدىن (قوشنىسىنىڭ قىزىدىن) بىر ھېجىر چۆچۈرە بىلەن بىر تال قۇيماقنى تۇتقۇزۇپ، بۇنى مېھماننىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ بەر،— دەپتۇ. يىگىت ئالدىغا قويۇلغان تاماققا قاراپ «ئاينىڭ يېرىمى يوق، يۇلتۇز شالاڭ» دەپتۇ. قىز قايتىپ چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى،— ئۇ يىگىت نېمە دېدى،— دەپ سوراپتۇ دوستىدىن.

—ئاينىڭ يېرىمى يوق، يۇلتۇز شالاڭ،—دېدى دەپتۇ دوستى.

—ھوي ساراڭ قىز، راستلا شۇنداق دېدىمۇ؟—دەپ سوراپتۇ بوۋاينىڭ قىزى دوستىدىن.

— نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ دوستى.

— تاماقنى ئىچىپ كىرگىچە قويۇۋالغىنىڭ يېرىمىنى يەپ، چۆچۈرىنىڭ يېرىمىنى ئىچىپ قويۇپسەنغۇ؟ — دەپتۇ بوۋاينىڭ قىزى. ئۇ قىز شۇنداق قىلغىنىنى ئىقرا قىلىپتۇ.

بوۋاي بالدۇرلا ئۇخلاپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ قىزى يىگىتكە ئورۇن راسلاپ بېرىش ئۈچۈن كىرىپ بىر دەم پاراڭلىشىپ قاپتۇ. بۇ قىز شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى ئۇنىڭ ھۆسنى — جامالىدىن كۈندۈزى كۈن خىجىل بولۇپ ئۆزىنى بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە ئالسا، كېچىسى ئاي خىرەلىشىدىكەن. قىز يىگىتنىڭ ئىزدىمەكچى بولغان نەرسىسىنى ئۇققاندىن كېيىن:

— سىلەرنىڭ يۇرتتا تېرىق، سوپى تورغاي دېگەن نەرسىلەر بارمۇ، — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇنداق نەرسىلەر يوق، — دەپتۇ يىگىت.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئىزدىگەن ئۇستىنى مەن تېپىپ بېرىمەن، لېكىن ئىككىمىز توي قىلىشىمىز كېرەك، — دەپتۇ قىز. يىگىت:

— سىز بىلەن توي قىلىشقا ھازىرلا تەييارمەن، بىراق مەن توي قىلىشقا ئەمەس، پادىشاھنىڭ پەرمانىنى، ماڭا تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا چىققان. ئاۋۋال ئاشۇ بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، ئاندىن توي قىلايلى، — دەپتۇ.

— ئاۋۋال توي قىلايلى، ئۇنداق قىلمىساق سىز بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ۋەزىپىڭىزنى بەجا كەلتۈرسىڭىز پادىشاھ بولىسىزغۇ، قانداق قىلىپ دۆلەت ئىشلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە كېلەلەيسىز؟ — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ قىز. يىگىت ئاخىر توي قىلىشقا ماقۇل بولۇپتۇ. ئۇلار توي قىپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن بوۋاينىڭ قىزى قوشكېزەك ئوغۇل تۇغۇپتۇ. يىگىت بالىلىرىنىڭ خۇشاللىقىدا يەنە ئىككى يىل تۇرۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى يىگىت ئانىسىنى چۈشەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ بەجا كەلتۈرمەكچى بولغان ۋەزىپىسىنىمۇ يادىغا ئاپتۇ. خوتۇنى ئۇنىڭغا بىر خالتا تېرىق ھەم بىر دانە تورغاينى قاپاققا سولاپ بېرىپتۇ ۋە بۇنى قانداق قىلىشنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆيىگە بېرىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. بالا ئەتىسى ئوردىغا بارماقچى بولۇپتۇ. شۇ چاغدا ئانىسى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى سۆزلەپ كېلىپ، — ئوغلۇم، سەن مۇشۇ پادىشاھنىڭ بالىسىسەن. مەن خەلق ئارىسىدىن ئوردىغا كەلگەنلىكىم ئۈچۈن ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقى توغرىسىدا پۇقرالارنىڭ زايىدىن خەۋەردار ئىدىم. شۇڭا داداڭ ھېلىقى مەسلىھەتچىسى بولغان ئۆلىما بىلەن بىرەر ئىشنى كېڭەش قىلغاندا مېنىمۇ قاتناشتۇراتتى. بىر كۈنى باش ۋەزىرنىڭ پەيمانى توشۇپ، رىزقى تۈگەپ ئاخىرەت ئېتىغا مىندى. داداڭ كىمنى باش ۋەزىر قىلىش توغرىسىدا ئۆلىما بىلەن مەسلىھەتلەشتى. شۇ كېڭەشتە مەنمۇ بار ئىدىم. ئۆلىما ھەققىدە پۇقرالارنىڭ نارازىلىقى كۆپ ئىدى، ئەمما ئۆلىما ناھايىتى مەككار بولغاچقا ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ئۆزىگە ھېچ نەرسىنى يۇقتۇرمايتتى. ئۇنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئاۋۋال باش ۋەزىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاندىن داداڭدىن تەختنى تارتىۋېلىش ئىدى. مەن ئۇنىڭ قورسىقىدا مۇشۇنداق يامان غەرەز بارلىقىنى بىلسەممۇ ئاساس كۆرسىتىپ بېرەلمەيتتىم. شۇڭا گەپنى ئوچۇق قىلالمىساممۇ، ئۇنىڭ مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋەزىر ئەزەملىك ئورنىنى

ئىگىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن، دەرھال باش ۋەزىرلىككە ھازىرقى باش ۋەزىرنى كۆرسەتتىم. داداڭ دەرھال قوشۇلدى. بۇ باش ۋەزىرنى پۈتۈن پۇقرالار ھىمايە قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلىمانىڭ تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشتى. بىراق ئۇ ماڭا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى. سەن قورسىقىمدا ئالتە ئايلىق بولغان چېغىمدا، مەن بىر كۈنى شۇ ئۆلىما بىلەن داداڭ مەسلىھەت داستىخىنىدا ئولتۇرغاندا ئۇلارغا چاي قۇيماقچى بولۇپ ئېگىشتىم، تۇيۇقسىز توخۇ بىمەھەل چىلاپ سالدى، بۇنى ئۆزۈمنىڭ بىلمەي قالدىم... كېيىن خۇددى ماڭا قىلغىنىدەك ساڭمۇ ئورۇنداش مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىپىنى تاپشۇرتقۇزدى. مانا ئامان-ئېسەن قايتىپ كەپسەن، ئەمدى ئوردىغا باردۇەر، — دەپتۇ.

يىگىت ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا كۆرۈنۈش قىپتۇ. ئۆلىمامۇ ھازىر بوپتۇ. ئوردىنىڭ بارلىق ئاكابىر - ئەشرەبلىرى ئالدىدا:

— ئۇلۇغ شاھىم، ئالتۇننىڭ ئۇرۇقىدا ھاۋاغا ئوردا سالىدىغان ئۇستىنى تېپىپ كەلدىم، — دەپتۇ يىگىت.

— قېنى؟ — دەپتۇ پادىشاھ.

— مانا، — دەپ قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپتۇ يىگىت. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قاراڭغۇ قاپاقنىڭ ئىچىدە زېرىكىپ كەتكەن تورغاي چۇر - چۇر قىلىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يىگىت:

— ھە، تېز بولۇڭلار، نېمە قاراپ تۇرىسىلەر، ھاۋاغا ئوردا سېلىش باشلاندى، — دېگىنىچە تۇرۇپتۇ. تورغاي چۇر - چۇر قىلىپ ئۇيان-بۇيانغا ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ.

— ئۇ نېمە دەيدۇ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ يىگىتتىن.

— ھە، لاي، ھە، خىش، — دەيدۇ، — دەپتۇ يىگىت. شۇ ئارىدا تورغاي غايىب بولۇپتۇ. — شاھىم مەن توققۇز يىل جاھان كېزىپ ئاران بۇ ئۇستىنى تېپىپ كەلسەم سىلەر ھېچقانداق تەييارلىق قىلماپسىلەر، مانا ئۇستام خاپا بولۇپ كېتىپ قالدى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپتۇ يىگىت.

— بۇنىڭغۇ كۆردۇق، ئالتۇن ئۇرۇقى قېنى؟— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ يىگىتتىن.

— مانا، — دەپ خالتىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ تېرىقنى يەرگە تۆكۈپ كۆرسىتىپتۇ، — يىگىت ھەممىدە، — بۇنى ئۆمرىدە يەل قويمىغان ئادەم تېرىسا ئۈنىدىكەن، — دەپتۇ.

پادىشاھ «ئۆمرىدە يەل قويمىغان» ئادەم تېپىشقا بۇيرۇق قىپتۇ. پۈتۈن ئوردا، ھەممە لەشكەر سەپەرۋەر قىلىنىپتۇ، لېكىن بۇنداق ئادەم تېپىلماپتۇ. باش ۋەزىر ھېلىقى ئۆلىمادىن:

— جانابلىرى بۇ خىل ئەھۋالدىن خاردىجۇرلەر، — دەپ سورىغانىكەن، ئۆلىما، — ئۇنىڭدىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىر ۋەزىرلەر مەسلىھەتلىشىپ، بەلكىم پادىشاھىمىزنىڭ ئۆزى بىز ئىزدەۋاتقان ئادەم بولۇشى مۇمكىن، — دېيىشىپ پادىشاھتىن سورىسا، پادىشاھ:

— مەنمۇ كۈندە ئۈچ - تۆت قېتىم پۇچقاق ياقىلىتىپ يەل قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ. ئەمما ئۇ شۇ گەپنى دېيىش بىلەن كۆڭلىگە ھېلىقى پالىۋەتكەن چوڭ خوتۇنى چۈشۈپتۇ - دە، دەرھال ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىنى بۇيرۇپ، — ئەگەر شۇ خانىش ھايات بولسا تەختىراۋانغا سېلىپ كۆتۈرۈپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىپتۇ. چاپارمەنلەر يول تەييارلىقىغا تۇتۇش قىپتۇ. شۇ چاغدا يىگىت:

— شاھىم، ئەمدى ماڭا رۇخسەت قىلغايلا،

(ئاخىرى 75 - بەتتە)



# ئۆزنى كىم كولسا ئۆزى چۈشەر

(ئۇيغۇر خەلق چۆچەكى)



بۇرۇن بۇرۇنتى، تۈلكە خىزىرتى، ئېيىق پادىشاھ، مايمۇن ۋەزىرتى، بايلارنىڭ ئۆيى ساراي - قەسىرتى، گۆش دەپ ئالغىنىنىڭ ئۆپكە بېغىرتى، گادايغا كۈن يوق دۇمبە يېغىرتى. شۇ زامانلارنىڭ بىرىدە، بىر شەھەردە بىر قارابىس - زالىم باي بار ئىكەن. شۇ شەھەرنىڭ سىرتىدا، باينىڭ يەر زېمىنىگە يېقىنراق يەردە بىر كەمبەغەل موزدوز ياشايدىكەن. موزدوزنىڭ بىر كەيمەتاز ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ، دادىسىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ شۇنداق بىر ئۇستا موزدوز بوپتۇكى، ئۇنىڭ تىككەن ئاياغلىرى كەيمەي قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق ھەم پۇختا بولۇپ، پادىشاھتىمۇ دەنزۇر بولغان ۋە ئىنئامغا مۇشەررەپ بولغانىكەن. بۇنىڭدىن كۆزى قىزارغان باي كۆڭلىدە بىر قۇۋلۇق -



شۇملۇق پىلانىنى تۈزۈپ، موزدۇزنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— ئۇستام، بىر بالام بار ئىدى، ھۈنەر ئۆگىتىپ قويغان بولسىلا سىلىنى تولۇق رازى قىلار ئىدىم، — دەپتۇ.

— بولىدۇ، ئۆگىتىپ قوياي، ئۆزلىرىدىن ھۈنەر ئايلانسۇن، مەندىن باشقىلارغا قالىدىغان مىراس ئاشۇ، — دەپتۇ موزدۇز.

باي بىر چاكىرىنى بىر قۇرىپىگى كىيىم كىيدۈرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلەپ موزدۇزنىڭ قېشىغا ئەكىلىپ، — ئۇستام، بالام مانا مۇشۇ، — دەپ موزدۇزغا تاپشۇرۇپتۇ - دە، توختىماي قايتىپ كېتىپتۇ. موزدۇز بۇ يىگىتنى ئوغلىنىڭ ھوجرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەسلىدە بۇ چاكار باينىڭ زۇلۇمىغا چىدىيالماي قېچىپ كېتىپ، تۇتۇپ كېلىنگەندىن كېيىن باي تەرىپىدىن قاتتىق دۇمبالىنىپ ئۆلەر ھالغا كېلىپ قالغانىكەن. ئۇ، كېچىسى موزدۇزنىڭ ئوغلىغا كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ، بىراق ئەتىسى ئەتىگەندە قارىسا ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باي موزدۇزغا ھېلىقى چاكارنىڭ ئورنىغا ئۆز ئوغلىنى بېرىشنى، بولمىسا خۇن دەۋاسى قىلىپ موزدۇزنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. «زامان زورنىڭ، تاماشا كورنىڭ» بولۇۋاتقان ئۇ زاماندا موزدۇز گەرچە نائىلاج قالغان بولسىمۇ، بىردىنبىر يۆلەنچۈكى، ياققۇچىسى بولغان ئوغلىنى بايغا چاكارلىققا بېرىشكە زادىلا كۆزى قىيماپتۇ، ئەمما باي جاھىللىق بىلەن گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، مېيىتنى ئەكەتكىلى ئۇنىماپتۇ. بوۋاي نېمە قىلارىنى بىلمەي، بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ، ئاخىر ئۈن سېلىپ «زۇلۇمنىڭ دەستىدىن دادا!» دەپ يىغلاپ تاشلاپتۇ. ئوغلى، رەھمەتلىك چاكارنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە ئۇنىڭ تارتقان جەبىر - جاپاسى، چەككەن دەرد - ئەلەم، رىيازىتى ۋە يېگەن تاياقلىرى، ئىشىتكەن تىل - ھاقارەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، غەزىپى قايناپ تېشىپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، باينىڭ ئۆزىنى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كەتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باينىڭ نىيىتىنى كۆڭلىدە پەملەپ، «مەن پادىشاھتىن ئىنئام ئالغىنىم ئۈچۈن باي دەسلەپتە دادامنىڭ ئالدىغا موللام مۇشۇكتەك ئىگىلىپ كەلدى، بولمىسا ئۇ بىزدەك نامراتنى كۆزگە ئىلاتتىمۇ؟ ئەمما ئۇ بىر ئۆلۈككە مەندەك بىر تىرىكنى ئالماشتۇرماقچى، ئاتا - ئانامنى تايانچىسىز قويۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەسلى غەرىزى - مەقسىتى...» دېگەنلەرنى ئويلاپ بايدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. ئۇ، دادىسىنى بىر چەتكە تارتىپ:

— ئاتا، مېنى ئاشۇ بايغا چاكارلىققا بېرىڭ، قالغىنىنى ئۆزۈم جۆندەيمەن، — دەپتۇ.

بوۋاي ئوغلىنىڭ كۆڭلىدىكىنى پەملەپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ:

— ماقۇل، بالام، — دەپتۇ - دە، ئوغلىنىڭ قولىدىن يېتىلەپ باينىڭ ئالدىغا كېلىپ، — باي غوجام، دۇنيالىقتا مۇشۇ بىرلا ئوغلۇم ئىدى، خىزمەتلىرىگە تۇتتۇم، گۆشى سىلىنىڭ، ئۇستىخىنى مېنىڭ، — دەپتۇ.

شۇندىن باشلاپ بوۋاينىڭ ئوغلى كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ، ئاتا - ئانىسىنى باينىڭ تۆھمەت ۋە قىلتاقلىرىدىن ھىمايە قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇ تاز بايغا موزدۇزلۇقتىن نۇرغۇن پۇل تېپىپ بېرىپتۇ. باي ئۆزىگە ھۈنەر ئۆگەت دەپ تاپشۇرغان بىر نەچچە بالىنىمۇ ئۇستا موزدۇز قىلىپ يېتىشتۈرۈپتۇ. بىراق ئۇ بالىلارنىڭ بەزىسى كېيىن باينىڭ ئۆيىگە

كەلمەس بولۇۋاپتۇ. سۈرۈشتۈرسە، ئۇ باللار بايغا: «سىنىڭ مەندە ھەققىڭ يوق. ھۈنەرنى ئۇستامدىن ئۆگەندىم، ئەمما ئىشىنى ساڭا قىلىپ بەردىم، ئەمدى ئۆز ئالدىمغا ئوقەت قىلىمەن» دېگەنىكەن، باي ئۇلارغا: «قولۇمدا يىپ ئەش، يىپ بىلەن ئولتاك كەس، بۇنى قىلالمىساڭ ھاياتىڭ بولمىدۇ بەس» دەپ شەرت قويۇپتۇ. ئۇلار باينىڭ شەرتىنى ئورۇندىيالمىغاچقا باي ئۇلارنى جېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ.

پات - پات خان سارىيىدىن ئاياغ بۇيرۇتۇلۇپ تۇرىدىكەن ۋە ئاياغلار ئۈچۈن ئىنئاملارمۇ كېلىدىكەن. بىر قېتىم پادىشاھ بۇ تاز موزدۇزنى نۇرغۇن ئىنئام بىلەن تارتۇقلاپتۇ، ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باي ئېلىۋاپتۇ. لېكىن باي ئۆز سايىسىدىن ئۆزى قورقۇپ، تازنى ئەمدى كۆزدىن يوقاتمىسام، ئۇ مېنى بوش قويمايدۇ - بېشىمغا چىقىدۇ، دەپ ئويلاپ، تازنى چاقىرىپ:

- ھەي تاز، قولۇمدا يىپ ئەش، يىپ بىلەن ئولتاك كەس، - دەپتۇ. باينىڭ بۇيرۇقى تازغا ئەزرائىلنىڭ شەپىسىدەك بىلىنىپتۇ. ئۇ، شاگىرتلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىر - قىسمەتنىڭ ئەمدى ئۆزىگە كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ:

-بولىدۇ، باي غوجام، مانا ھازىر،- دەپتۇ-دە، غىپپىدە ئۆيىگە بېرىپ بىر دانە نان بىلەن بىرچىنە قايماق كۆتۈرۈپ كېلىپ، - باي غوجام، ئاپام ماۋۇ نان بىلەن قايماقنى ئۆزلىرىگە ئەۋەتتى، ناننى ئۇشاتماي، قايماقنى بۇزماي ئىچسۇن دېدۇ،- دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باي بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ:

- ھەي تاز، ناننى قانداق ئۇشاتماي يېگىلى، قايماقنى قانداقمۇ بۇزماي ئىچكىلى بولسۇن،- دەپتۇ.

-جېنىم باي غوجام، قولۇم بىلەن يىپ ئەشكىلى، يىپ بىلەن ئولتاك كەسكىلى بولغان يەردە، نېمىشقا ناننى ئۇشاتماي يېگىلى، قايماقنى بۇزماي ئىچكىلى بولمايدىكەن؟- دەپتۇ تاز. باينىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ غىڭ قىلالماي قاپتۇ. تازدىن لەت بولغان باي ئاسماندىن يەرگە ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، ئىمانى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ-دە، بۇ تازنى كۆزۈمدىن نېرى قىلمىسام، ئاخىر ئۇ مېنىڭ كۈلۈمنى كۆككە سورىغىدەك دەپ ئويلاپ، ئۇنى يوقىتىش نىيىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. باينىڭ بەش ياشقا كىرگەن بىر ئوغلى بار ئىكەن. بىركۈنى ئايالى بىر يەرگە كېتىپ بالا باينىڭ قېشىدا قالغانىكەن. بۇ بالىمۇ دادىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغاچقا كىچىككىنە تۇرۇپ دادىسىدىنمۇ ئۆتە زالىم - بەدقىلىق ئىكەن. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە: «ئاتا، پوق قىلىمەن» دەپتۇ. باي:

-ھوي تاز، قوپ، ماۋۇ بالىنى ئەپچىقىپ بوشاندۇرۇپ كىر،- دەپتۇ. تاز بالىنى تالاغا ئەپچىقىپ، ساغرىسىغا بىگىز سانجىپ تۇرۇپ:

-پوق قىلما، كۆتۈڭگە بىگىز تىقىمەن،- دەپ تەرەت قىلدۇرماي ئەكىرىپ قويۇپتۇ. بالا ياتار - ياتمايلا يەنە «ئاتا، پوق قىلىمەن» دەپتۇ.

-ھوي تاز، بالىنى چالا تەرەت قىلدۇرۇپ كىرگەن ئوخشىمامسەن، يەنە تەرەت قىلىمەن دەيدىغۇ، ئەپچىقە بالىنى، - دەپتۇ باي. تاز باينىڭ ئوغلىنى يەنە ھويلىغا ئەپچىقىپ:

-چىچما، كۆتۈڭگە بىگىز تىقىمەن،- دەپ بىگىزنى سانجىپ تۇرۇپ، تەرەت قىلغۇزماپتۇ، بۇ ئىش ئۈچ - تۆت قېتىم تەكرارلىنىپتۇ. ئاخىر باينىڭ بالىسى قاتتىق يىغلاپ تۇرۇپ:

-ئاتا، چىچىمەن،-دەپتۇ. تازا ئاچچىقى كەلگەن باي:

—ھوي تاز، ماۋۇ شۇمنى بېسقتۇر،—دەپتۇ. باينىڭ ئاغزىدىن مۇشۇنداق بىر گەپنىڭ چىققىنىنى كۈتۈپ تۇرغان تاز بالىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ توقماق بىلەن بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ بېسقتۇرۇپ تامغا يۆلەپ غۇلىچىنى يېيىپ قويۇپ يېنىپ كىرىپتۇ. تازنىڭ يالغۇز ئۆزى كىرگىنىنى كۆرگەن باي:

—بالام قېنى؟—دەپ سوراپتۇ.

—باي غوجام، غوجىزادىلىرى كىچىك بولغان بىلەن ئەقلى چوڭ ئىكەن. ئاتام قېرىپ قالدى، ئاتام ئۆلسە ماڭا قانچىلىك مىراس قالىدىكىن، ئۆلۈپ باقاي دەپ تامنى غۇلاچلاپ قالدى، كىرىپ كېتەيلى دېسەم، ئۆزۈڭ كىرىپ كەت، مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن دەيدۇ،—دەپتۇ. تازدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان باينىڭ ئاچچىقى كەلگىنىدىن ئىمانى ئۇچۇپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ.

—كىمىكەن مېنىڭ ئۆلۈمىمنى تىلەيدىغان،—دېگىنىچە چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ، قولىغا كەكە ئېلىپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ يۈگۈرگەن پېتى ئېغىلغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر شامنى ياندۇرۇپ تازمۇ ئۈلگۈرۈپ چىقىپتۇ. باي شامنىڭ خىرە - شىرە يورۇقىدا قارىغۇدەك بولسا، ئوغلى ئېغىلنىڭ تېمىنى غۇلاچلىغانچە تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن باي غەزەپكە پايلىماي: «مانا ساڭا تېگىدىغان يەر - زېمىن» دەپتۇدە، بالىنىڭ قاق مېڭىسىگە كەكىنىڭ كەينى بىلەن بىرنى سېلىپ يىقىتىپتۇ، ئاندىن تازغا،— سەن ھازىر چىقىپ گۆر كولا، كۆممىدىغان يەرلىك قۇلىقىڭ بىلەن تەڭ بولسۇن،—دەپتۇ. ھەييار تاز «خوپ» دەپتۇدە، كەتمەننى دولىسىغا سېلىپ، قەبرىستانلىققا بېرىپ، بىر كەتمەن توپىنى چەتكە ئەپ قويۇپ، ئۆزى بىر قەبرىگە يۆلىنىپ بەخىرامان ئۇخلاپتۇ. باي ئەتىسى ئەتىگەندە جامائەتنى يىغىپ، بالىسىنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ - تاراپ يەرلىككە قويايلى دەپ چىقسا گۆر تەييار بولمىغانىكەن. باينىڭ ئوغىسى قايناپ:

—ھوي تاز، قېنى كولىغان گۆرۈڭ؟! دەپ ۋارقىراپتۇ.

—ۋاي جېنىم باي غوجام. ھەزرەتلىرى قۇلىقىڭىزغا چىنەپ قاز دېگەنتىلە، مانا بىر قۇلاق ئەمەس، ئون قۇلاق تېرەنلىكتە قېزىدۇقتىم، ئۆزلىرى قۇلاقلىرىنى قويۇپ ئۆلچەپ باقسىلا. تېرەن بولۇپ كەتكەن بولسا، توپا سېيرىپ ئازراق تىندۇرۇۋېتەي،— دەپتۇ تاز. باي خاپىچىلىقتا يېرىلغۇدەك بولۇپ:

—گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى قۇلىقىڭ بىلەن تەڭ بولسۇن دېگەنىدىم، ئەجەب قاشاڭ بىر نېمىدە سەن، ئەكىلە كەتمەننى،— دەپ تازنىڭ قولىدىكى كەتمەننى تارتىۋېلىپ، سەللە، پېرىجىلىرىنى سېلىپ قويۇپ گۆرنى ئۆزى كولاپتۇ. شۇنداق قىلىپ گۆركارغىمۇ بىر تىيىن خەجلىمەي بالىسىنى كۆمۈپ قويۇپ قايتىپتۇ. نەزىر - چىراق قىلىمەن دەپ ھەممە ئوتۇنلارنى قالاپ تۈگىتىپتۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قىرىق نەزىرسىمۇ كېلىپ قاپتۇ. باي:

—ھوي تاز، سەن ھارۋىنى قوشۇپ جاڭگالغا بېرىپ ھارۋىنىڭ ئارقىسىغا سۆرۈتۈپ بىر ھارۋا يانتاق بېسىپ كەل، نان يېقىپ، قويماق سېلىپ نەزىر قىلىمىز،— دەپتۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن تاز جاڭگالغا چىقىپ، ئاتنى پۇتىنى چۇشەپ ئوتلاغلى قويۇۋېتىپ، ئۆزى بىر سايە جاينى تېپىپ ئۇخلاپتۇ. كۈن مەغرىبقا ساڭگىيان بولغاندا يوغان بىر توپ يانتاقنى ئارغامچىغا چىگىپ ھارۋىنىڭ كەينىگە سۆرۈتۈپ، ناخشىنى دۈك تۇۋلاپ قايتىپ

كەپتۇ. يانتاق كەلسە نان ياقمىمىز دەپ خېمىرنى يۇغۇرتۇپ تەييارلىق قىلىپ تۇرغان باي تازنىڭ قۇرۇق ھارۋىنى ھەيدەپ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئەرۋايى مىڭ گەز ئۆچۈپتۇدە:

—يانتاق قېنى؟ —دەپ سوراپتۇ تازدىن.

—ئالدىرىمىسىلا باي غوجام، ھارۋىنىڭ ئارقىسىدا سۆرۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ، —دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تاز. باي ئاچچىقىدا يەرنى تېپىپ تۇرۇپ:

—ئەكەلگەن يانتىقىڭ مۇشۇمۇ؟! دەپ قاتتىق كايىپتۇ.

—ۋاي باي غوجام، ئۆزلىرى ھارۋىنىڭ كەينىدە سۆرۈتۈپ ئەكەل دېمىگەنمىتىلە، مانا سۆرۈتۈپ ئەكەلدىم، —دەپتۇ تاز. غەزەپتىن بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن باي ئاخىرى ئۆزى بېرىپ يېرىم كېچىدە بىر ھارۋا يانتاق ئېلىپ كەپتۇ...

ئەمدى گەپنى باشقا يەردىن ئاڭلايلى. بىر كۈنى تۇساتتىن ئوردا ياساۋۇللىرىدىن ئىككىسى كېلىپ: «پادىشاھ سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ تازنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. پادىشاھ تازنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە جۈپ ئاياغنى تاشلاپ:

— بۇ مەن بۇيرىغان ئاياغقا ئوخشىمايدىغۇ، سەن كىمنى ئەخمەق قىلماقچىسەن، بۇنى پەرق ئېتەلمەيدىغانغا مېنىڭ كۆزۈم كورمۇ؟ — دەپ دەر - غەزەپ بوپتۇ. تاز ئاياغلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ قاپتۇ. ئۇ يەر ئۆپۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى، پادىشاھ بۇيرۇغان ئاياغلارنى ئۆز قولى بىلەن تىككەنلىكىنى، ئەمما بۇ ئاياغلار ئۇ ئاياغ ئەمەسلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ ئاياغنى تاپشۇرۇپ ئالغۇچى مۇلازىمىدىن سورىغانىكەن، مۇلازىم ئاياغلارنى تازنىڭ ئېلىپ كەلمىگەنلىكىنى، باشقا بىر ئادەم ئەكىلىپ تاپشۇرۇپ بېرىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ سۈرۈشتۈرسە باي ئەكىلىپ بەرگەنىكەن. بۇنداق ئويۇنىنىڭ ئويۇنلىشىدا بىر مەقسەت يوشۇرۇنغانىكەن، يەنى باي تازنى پادىشاھ جاللاتلىرىنىڭ قىلىچىغا يەم قىلىۋېتىش ئۈچۈن تازغا بىلدۈرمەي، تازتىككەن ئاياغلارنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ، ئۆزى باشقا يېڭى شاگىرتلارغا ئالاھىدە بۇيرۇپ تىككۈزگەن ساختا ئاياغلارنى ئورنىغا ئەكىلىپ بەرگەنىكەن. ئەھۋال ئېنىقلانغاندىن كېيىن پادىشاھ «باينى بەند زىندان قىلىنسۇن، ئۇنىڭ يەر - زېمىن، مال - مۈلۈك، دۇنيا - دەپىنىلىرىنى ئوردا تەسەررۇپىغا ئېلىنسۇن!» دەپ يارلىق چۈشۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن باينىڭ چاكارلىرى ئازاد بوپتۇ، تازمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا قايتىپ كەپتۇ.

يېرىم يىل ئۆتكەندە بىر گۈندىپاي كېلىپ، تازنى زىندان بېگىنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان بوۋاي بىلەن موماي ھوش كالىسىدىن كېتىپتۇ، تازمۇ ساراسىمىگە چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ ھالنى كۆرگەن گۈندىپاي دەرھال بوۋاي بىلەن موماينىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ، ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ:

— خاۋاتىر بولۇشمىسىلا، ئوغۇللىرىغا ھېچ گەپ كەلمەيدۇ، ئۇ يەردە سۆزلىشىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىكەن، باللىرى قايتىپ كېلىدۇ، خاتىرجەم بولۇشسىلا، —دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرۇپتۇ ۋە تازنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

— قانداق، باي غوجام، ئوبدان تۇردىلىمۇ، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ؟ —دەپ سوراپتۇ تاز گۈندىخانىدا باي بىلەن كۆرۈشكەنچاغدا.

— ھەي بالام، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ياتقان يېرىم زەي زىندان، زىنداندا ياتقان كىشىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇرمۇ؟ — دەپتۇ باي.

– مەن ئۆزلىرىگە بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، – دەپتۇ تاز باينىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغانىدىن كېيىن ۋە ھېكايىسىنى باشلاپتۇ: بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن، ئۇ پادىشاھ ھەر كۈنى جەمئىيەت ئەھلىنىڭ بىر ساھەسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىدىكەن. شۇ چاغلاردا خۇددى نەسىرىددىن ئەپەندىگە ئوخشاشلا ئاقىل بىر كىشى بولۇپ، ئۇ ھەمىشە پادىشاھقا سالامغا بېرىپ تۇرىدىكەن. بىر كۈنى دەل پادىشاھنىڭ شائىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىۋاتقان چېغىدا بېرىپ قاپتۇ. شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇۋاتقانىكەن، ھېلىقى كىشىمۇ بۇ شېئىرلارغا سامىي بوپتۇ. شېئىرلار ئوقۇلۇپ بولغانىدىن كېيىن پادىشاھ ھېلىقى دوستىدىن:

– شېئىرلارنى ئاڭلىدىڭىزمۇ، مەزمۇنى نېمە ئىكەن؟ – دەپ سوراپتۇ. پادىشاھنىڭ دوستى:

– پادىشاھ ئالىيلىرى، ئاڭلىدىم، شائىرلار پەلەكتىن، زۇلۇم - سەتەمدىن شىكايەت قىلىشىپتۇ، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

– ئۇنداق بولسا نېمە قىلىش كېرەك؟ – دەپ يەنە سوراپتۇ پادىشاھ.

– پەلەكتىن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ پادىشاھنىڭ دوستى.

– خوپ، ناھايىتى ياخشى ئېيتتىڭىز، ئۇنداق بولسا، سىز پەلەكنى تېپىپ پەلەكتىن ئىنتىقام ئېلىپ بېرەلەمسىز؟ – دەپتۇ پادىشاھ.

– ئەلۋەتتە، – دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنىڭ يول خىراجىتى ۋە سەپەر تەييارلىقىنى تەل قىلىپ يولغا سېپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ ئاخىر بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. بىر سارايغا چۈشۈپ ئوبدان دەم ئېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە شەھەرنى ئايلىنىپ كىرەي دەپ كوچىغا چىقىپتۇ. ئۇ رەستە - بازارلارنى تاماشا قىلىپ يۈرۈپ كەتمەن - گۈرجەك، پالتە - كەكە ساپلىرىنى ياسايدىغان بىر دۇكانغا كىرىپ قاپتۇ. دۇكاندار بۇ كىشىنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە كىيىنىشلىرىدىن بۇ شەھەرنىڭ ئادىمى ئەمەسلىكىنى پەملەپ:

– جانابلىرى شەھىرىمىزگە مۇساپىر ئوخشايدىلا، – دەپتۇ.

– ئارى، – دەپتۇ ھېلىقى كىشى ۋە، – مەن پەلەكنى ئىزدەپ چىققانىدىم، – دەپ سەپىرىنىڭ مەقسىتىنى بايان قىپتۇ. دۇكاندار بۇنى ئاڭلاپ، ئۇدۇلىدىكى بىر دۇكاننى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

– ئەنە ئاشۇ ئادەم پەلەك دېگەن كىشى بولىدۇ، – دەپتۇ. بايىقى كىشى بۇ گەپنى ئاڭلاپلا كەتمەن سېپىدىن بىرنى ئېلىپ دۇكاندىن يۈگۈرۈپ چىققان پېتى ھېلىقى دۇكان ئالدىغا بېرىپ: «ھە، پەلەك دېگەن سەنمۇ» دەپلا دۇكاندا ئولتۇرغان ئادەمنى ياقىسىدىن تۇتۇپ كوچىغا سۆرەپ چۈشۈپ، قولىدىكى كەتمەن دەستىسى بىلەن ساۋاشقا باشلاپتۇ. ھېچكىمنىڭ بۇ ئادەمنى توسۇۋېلىشقا، تۇتۇۋېلىشقا قۇربى يەتمەپتۇ. ئاخىر ياساۋۇللار كېلىپ ئۇنى پەلەكنى كالتەكلەشتىن توختىتىپتۇ ھەمدە پەلەك بىلەن ئۇ كىشىنى ئوردىغا ئاپىرىپ پادىشاھقا تۇغرا قىپتۇ. بۇ چاغدا قانغا مىلىنىپ كەتكەن پەلەك بىھوش ياتقانىكەن.

– نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۇردۇڭ؟ – دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ھېلىقى كىشىدىن.

– مەن جانابلىرىغا ئوخشاش بىر پادىشاھنىڭ دوستى ھەم سۆھبەتدىشى ئىدىم. پادىشاھىمىز بىر كۈنى شائىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئۆتۈشتى. ئۇلارنىڭ يازغانلىرى ھەر خىل بولسىمۇ مەزمۇنى پەلەكتىن زارلىنىش، پەلەك ئۈستىدىن

شىكايەت قىلىشقا مەركەزلەشكەنىدى. مەن ئۇنى ئاڭلاپ، پادىشاھىمىزنىڭ مەندىن «قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىغىنىنى بويىچە پەلەكتىن ئىنتىقام ئېلىش كېرەك، دەپ پەلەكنى ئىزدەپ چىققانىدىم. ئاخىر پەلەكنى مۇشۇ شەھەردىن تاپتىم، ئۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ، زالىملاردىن ئازاب چەككەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇردۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سۆز پادىشاھقا ئاجايىپ قىزىق تۇيۇلۇپ، بۇ كىشىگە سەرۇپا كىيگۈزۈپتۇ ۋە بىر ئات ئىنئام قىپتۇ، تۇرار جاي، خىزمەتچى تەيىنلەپ، ئۇنى ئۆزىگە مەسلەھەتچى قىلىۋاپتۇ. شۇ شەھەردە يەنە بىر كاززاپ بار ئىكەن، ئۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «ھە، پەلەكنى ئۇرغان كىشى پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىگە، ئىنئامىغا سازاۋەر بولىدىكەنغۇ، ئەجەب ئۇقماپتىكەنمەن» دەپ ئويلاپ، بىر كۈنى پەلەكنى ئۇرۇپتۇ. ياساۋۇللار بۇلارنىمۇ پادىشاھقا توغرا قىپتۇ. بىراق پادىشاھ پەلەكنى ئۇرغۇچىنى زىندانغا ساپتۇ. پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان ھېلىقى كىشى بىر كۈنى بۇ ئادەمنى يادىغا ئېلىپ «شۇ بىچارە مېنى دورايمەن دەپ زىندانغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭدىن بىر خەۋەر ئېلىپ قوياي» دەپ زىندانغا كېلىپ، زىنداندا ياتقان كىشىدىن: «ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟» دەپ سورىغانىكەن، ئۇ كىشى خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشاش: «زىنداندا ياتقان ئادەمنىڭ ھالى ياخشى بولۇرمۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. يوقلاپ كەلگۈچى كىشى: «خالىسا بەزىلەرنى سەرۇپاغا، مىنىدىغان ئاتقا، ئولتۇرىدىغان جايغا، يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدۇ، خالىسا، بەندى زىندان قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. مېنىڭمۇ ئۆزلىرىگە جاۋابىم شۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەلەكنىڭ ئىشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تاز. بۇنى ئاڭلىغان باي:

— چېنىم بالام، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلىمىدىم، قىلغان ئەسكىلىكلىرىمگە پۇشايمان ۋە تەۋبە قىلدىم. مانا زىندان بېگى گۇۋاھ بولسۇن، ئەمدى سەندىن ئۆتۈنىدىغىنىم شۇكى، ئېتىزلىقىمىزنىڭ چېتىدىكى ھېلىقى بىر تۈپ سېدىنىڭ تۈۋىگە مىڭ تىللا كۆمۈپ قويغانىدىم. سەن بېرىپ قۇشناچقا ئېيت. شۇ پۇلنى ئېلىپ 100 تىللانى مانا بۇ زىندان بېگىگە بەرسۇن، ئون تىللانى سېنى چاقىرىپ كەلگەن گۇندىپايغا بەرسۇن، 390 تىللانى سەن ئال، قالغان 500 تىللانى مەن كېيىنكى ئوقەتىم ئۈچۈن دەسمايە قىلىمەن. ھازىر مەندىكى يەر-سۇ، پۇل-مال دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى پادىشاھلىق بولۇپ كەتتى. مەن كۆمۈپ قويغان پۇلنى قۇشناچ بىلمەيتتى، بىلسىمۇ ئۇ كولاپ ئالالمايدۇ، سېنى ياردەم بېرەرمىكىن دەپ چاقىرتقانىدىم، — دەپتۇ باي. بۇنى ئاڭلىغان تاز باينىڭ كۆڭلىدە ئۆزىنى قەستلىگەن بىر يامان غەرەزى بارلىقىنى سېزىپتۇ-يۇ، لېكىن چاندۇرماستىن:

— خوپ، باي ئاكا، — دەپ زىنداندىن چىقىپ باينىڭ دېگىنى بويىچە ھەممە ئىشنى پۈتكۈزۈپتۇ ھەمدە تىللارنى زىندان بېگىگە بېرىپ باينى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغ ئەل ئايىغى بېسىققان تۈن نىسپى ئىكەن.

— ھوي بالام، ئەمدى بىزگە بۇ يەردە تۇرۇشقا بولمايدۇ، پادىشاھ بىلىپ قالسا، تېرىمىزنى تەتۈر سويىدۇ، بىز بۈگۈنلا بۇ شەھەردىن غايىب بولۇشىمىز كېرەك. بىزگە قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت، — دەپتۇ باي خوتۇنى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن.

— خوش ئەمىسە، مەن سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن، — دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ تاز. ئۇ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا-ئانىسىغا، — مەن بىر نەچچە كۈندىن كېيىن پەيدا

بولمەن، ئەنسىرەپ قالماڭلار، — دەپ قويۇپ قايتىپ كېلىپ بىر يەردە مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

— خوتۇن، دەرھال ئىككى تاغار قويماق سالايلى، بۇ بىزنىڭ ئەرۋاھلارغا ياغ پۇراتقىنىمىز بولۇپ قالسۇن، قويماقنى يولدا ئۈزدەمىز يەمىز. بىز تاڭ ئاتقىچە چىقىپ كېتىمىسەك ئىش چاتاق بولدۇ. ئەتە تازنى تۇتىدۇ، مەن زىندان بېگى بىلەن شۇنداق كېلىشكەن. زىندان بېگى ئۇ يەردە بىر ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپ، يۈزىنى تونۇغۇسىز قىلىۋېتىپ، بىر كۈندىپايىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ قويماقچى، پادىشاھقا ھېلىقى تاز موزدۇز گۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان كۈندىپايىنى ئۆجۈقتۇرۇپ بايىنى ئېلىپ قېچىپتۇ دەپ مەلۇم قىلماقچى، — دەپتۇ باي. بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى تاز ئاڭلاۋاپتۇ. قويماق تەييار بولۇپتۇ. باي قويماقلارنى ئىككى تاغارغا قاچىلاپ سىرتقا ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۆيدىكى ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندا، تاز بىر تاغاردىكى قويماقنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ تاشلىۋېتىپتۇ، ئۆزى تاغارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاغارنىڭ ئاغزىنى ئىچىدىن تىكىپ، بىر يېرىدىن ھاۋا كىرىدىغان تۆشۈك ئېچىپ تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ. باي بىلەن خوتۇنى چىقىپ تاغارنى ئىككى ئېشەككە ئارتىپتۇ. باشقا نەرسىلەرنى خۇرجۇنغا سېلىپ، ئاتلىنىپ يولغا چىقىپتۇ. يېرىم كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن باي:

— ئەجەب قۇتۇلدۇق بۇ تازدىن، ئۇ ھازىر مېنىڭ ئورنۇمدا زىنداندا ياتقاندۇ، — دەپتۇ. شۇ چاغدا غايىبتىن «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. باي چۆچۈپ كېتىپتۇ.

— ھوي دادىسى، تاز بىر نەچچە يىل بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغاچقا ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلاققا سىڭىپ قالغان، شۇڭا بىزگە شۇ تونۇش ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتقان بولسا كېرەك، — دەپتۇ باينىڭ خوتۇنى.

— ئۇ تازنىڭ جېنى شۇنداق چىڭ ئىكەنكى، بىر قېتىم مەن ئۇنى ئىرغاي توقماق بىلەن ئۇرسام توقماق چىدىماي تىتىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭ روھى بىز بىلەن بىللە كېلىۋاتامدۇ — يا، — دەپتۇ باي. شۇ چاغدا ئۇلار بىر جايغا چۈشۈپ ئۇزۇقلانماقچى بوپتۇ. تاغار ئېشەكتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئەمدى چاي ئىچىشكە ئولتۇرغاندا، تازنىڭ كىچىك تەرەتتى قىستاپ كېتىپ تاغارنىڭ ئىچىگە جۇغۇشۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن باي دەرھال چاي ئىچمەكچى بولۇپ تۇرغان چىنىسىنى تاغارغا تۇتۇپ، سىرغىپ چىقىۋاتقان سۈيدۈكنى چىنىغا ئېلىۋېلىپ، — ھاۋىنىڭ ئىسسىقىدا قويماقنىڭ يېغى ئېرىپ كەتكىلى تۇردى، — دەپ ھېلىقى سۈيدۈكنى ياغ قاپىقىغا قويۇۋاپتۇ. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار بىر دەريا ياقىسىغا يېتىپ كەپتۇ، دەريادا ئۇلۇغ سۇ شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقانىكەن. ئۇلار دەريا ياقىسىدا توختاپ، يۈك-تاقلارنى چۈشۈرۈپ، شۇ يەردە قونماقچى بوپتۇ. باي نېمىشقىدۇ يەنە: «ئەجەب قۇتۇلدىما بۇ تازدىن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دېگەن بايىقى سادا تەكرارلىنىپتۇ. ھەيران بولغان باي ئالمان-تالمان تاغارنى ئېچىپ قارىسا تاغاردا ھېلىقى تاز ھىجىيىپ ياتقۇدەك. باي بىلەن خوتۇنى ھاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپلا قاپتۇ. تاز تاغاردىن چىقىپتۇ. باي ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاندۇرماي:

— سېنىڭ ماڭا بولغان ساداقىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. بىزنى يالغۇز قويماي، ھەمراھ بولۇپ كېلىپسەن، بەرگەن تۇزۇمنى ئاقلاپسەن، — دەپ تازنى ماختاپ كېتىپتۇ. كەچتە ياتار چاغدا باينىڭ خوتۇنى باينىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتۇ، باي بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. تاز دەريانىڭ لېۋىدە، باينىڭ

خوتۇنى ئوتتۇردا، باي ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. يول يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن باي بىلەن خوتۇنى قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا تاز باينىڭ خوتۇنىنىڭ ئورنىنى ئاستا-ئاستا تارتىپ، دەريا لىۋىگە ئەكېلىپ قويۇپ، ئۆزى باينىڭ خوتۇنى ياتقان جايدا يېتىۋاپتۇ. بىر چاغدا باي بىر چۆچۈپ ئويغىنىپ ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، خوتۇنىنى دومىلىتىپلا يوتقان-كۆرپىسى بىلەن دەرياغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇ بىردەمدىلا ئۇنى ئۆز قەھرىگە يۇتۇپ، يىراقلارغا ئاققۇزۇپ كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا باي:

—ئاپىسى، قوپۇڭلا ئورنۇڭلىدىن، تازنى دەريا دەم تارتىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇق، — دەپ خوتۇنىنى ئويغىتىپتۇ. ئەمما خوتۇنىنىڭ ئورنىدىن «قۇتۇلمىغايسەن مەن تازدىن» دەپ ھېلىقى تاز ھىجىيىپ قوپۇپتۇ. باي بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا تاز قارىسا بىر نەچچە بالا نېرىراقتا قوي بېقىۋاتقىدەك. تاز ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، تونۇشۇپ، كونا ئاغىنىلەردەك چىقىشىپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن تاز بالىلارغا: «سىلەر ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار، مەن قويۇڭلارنى سۇغىرىپ كېلەي» دەپ 20—30 قويىنى ھەيدەپ دەريا بويىغا كەپتۇ. خىيالغا چۆكۈپ كەتكەن باي قويلارنىڭ مەرىگىنىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا تاز قوي سۇغىرىۋاتقىدەك. باي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— نەدىن تاپتىڭ بۇ قويلارنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— باي غوجام، ئۆزلىرى كېچىسى مېنى دەرياغا ئىتتىرىۋەتكەندە، دەريانىڭ ئاستىغا چۈشۈپ قارىسام قوي دېگەننىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. شۇنىڭدىن ئۆزۈمگە يارىشا ئېلىپ چىقىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ قايتىپ كېلىپ جايىمدا يېتىپ ئۇخلىغانىدىم، — دەپتۇ. ئاچكۆز باينىڭ تېخىمۇ كۆزى قىزىرىپ:

— قېنى، نەدە ئۇ قويلار؟ — دەپتۇ. تاز سۇ ئىچىۋاتقان قويلارنىڭ شولىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— باي ئاكا، كۆرمەيۋاتامىلا، ئەنە كۆرۈنۈپلا تۇرۇپتۇ، تۈزۈكرەك قارىسىلا، — دەپتۇ. باي قارىغۇدەك بولسا راستىنلا سۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن قوي تۇرغىدەك. ئۇ تويماس قارنىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن دەرھال دەرياغا چۈشمەكچى بوپتۇ-يۇ، بىراق يەنە توختاپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا جان تاتلىقتە — ئەلۋەتتە. بۇنى پەملىگەن تاز:

— باي ئاكا، نېمە بولدى، سىلىگە قوي لازىم ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ.

— قويلىرىڭنى مەن بېقىپ تۇراي، سەن چۈشۈپ ئەپچىقىپ بەر، — دەپتۇ باي.

—جېنىم باي ئاكا، ھەر ئادەم ئۆزى چۈشمىسە مالنىڭ ئىگىسى مال بەرمەيدىكەن. مەن چۈشسەم سەن ئالدىنقىنىڭنى ئېلىپ بولدۇڭغۇ، يەنە نېمە دەيسەن؟ دەپ مېنى قوغلىۋېتىدۇ. ئەگەر قورقۇۋاتقان بولسىلا كۆزلىرىنى يۇمسىلا، مەن «ماڭ!» دەيمەن ماڭسىلا، «ئاچ!» دەيمەن، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، — دەپتۇ تاز. باي ماقۇل بولۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېپتۇ. تاز «ماڭ!» دېگەنىكەن، باي مېڭىپ دەرياغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىراق «ئاچ!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىماپتۇ. ئۇنى بىر قايىنام يۇتۇپ كېتىپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا «ئورنىنى كەم قىلسا ئۆزى چۈشەر» دېگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

---

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلىز غوپۇر، رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچى: نەجمىددىن سىدىق





ئابدۇقەييۇم خوجا

تەڭرىتېغىنىڭ تاجىسى- خانتەڭرى باغرىدا جايلاشقان شوتا يېزىسى تەۋەسىدە ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى 1946 - يىلى تىكلىگەن بىر خاتىرە تاش بار. ئاق مەرمەردىن ياسالغان بۇ خاتىرە تاش شوتا يېزىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن يەتتە كىلومېتىر يىراقلىقتا غول ئىچىگە تاغ باغرىلاپ ياسالغان يولنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئورنىتىلغان. خاتىرە تاشنىڭ يەردىن چىقىپ تۇرغان قىسمى 1.33 × 1.40 مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭغا 1940 - يىللارنىڭ ئىملاسىدا ئۇيغۇرچە 12 قۇر خەت ئويۇلغان. خەتلەر ئاساسەن ياخشى ساقلىنىپ قالغان، بەزى خەتلەرنىڭ قىسمەن بۇزۇلغان جايلىرى بولسىمۇ، جۈملىنى يەنىلا تولۇق ئوقۇغىلى بولىدۇ. بۇ قىممەتلىك خاتىرە تاشقا تۆۋەندىكى جۈملىلەر ئېنىق ۋە رەتلىك ئويۇلغان:

«...تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى غۇلجا، جىڭ، شىخولارنى دۈشمەندىن ئازاد قىلغاندىن كېيىن 1945 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىدا شوتىغا كېلىپ تۇردى. ئەسكەرلەر بۇ يەردىكى خەلق ئۆتۈشىگە قىيىنلىق كەلگەن شوتا يولىدىكى چوڭ تاشلارنى ئېلىپ تاشلاپ، هارۋا يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ياسىدى. ئارشاڭدىن قۇدۇبەلگە قەدەر يېڭىدىن ئۆي، مەسچىت، مۇنچىلار سېلىندى.

1946 - يىلى ئاپرېل ئېيىدا شوتا خەلقى پايدىسى ئۈچۈن كاتتا توغان قېزىلىپ، سۇ چىقىرىلدى. ئۈچ يەرگە كۆۋرۈك سېلىنىپ، بېتىم كونى خەلققە ئەركىمن (قويۇپ) بېرىلدى. يۇقىرىقى ئىشلار پولكىمىزدىكى ئەسكەر - ئوفىتسېرلارنىڭ جەسسۇرانىي غەيرىتى بىلەن تاماملاندى.»




كاماندىر پالكا - پالكاۋنىڭ ماۋلانوپ

ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە قەغەزگە يېزىلغان ھۆججەت،

ماتېرىيال، ئارخىپلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تاشقا ئويۇلغان خاتىرىلەر يوق دېيەرلىك. مېنىڭ بىلىشىمچە مۇشۇ ئاق مەرمەرگە ئويۇلغان خاتىرە، تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىش ئىزلىرىغا دائىر، هازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولسا كېرەك. ئەينى يىللاردا مىللىي ئارمىيىنىڭ شىر يۈرەك ئەزىمەتلىرى، خەلقنى گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ چاڭگىلىدىن بالدۇرراق ئازاد قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى فرونتلاردا دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئىسسىق قانلىرىنى تۆككەن. ئۇلار ئازراق خاتىرجەملىك، تىنچلىق شارائىتى بولسىلا، يەنىلا خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، جاپالىق جىسمانىي ئەمگەكلەرنى قىلىپ، خەلق ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلغان. ئاق مەرمەر تاشقا ئويۇلغان يۇقىرىدىكى پاكىتلىق جۈملىلەر ئەنە شۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنىڭ دەلىلىدۇر.

1983 - يىلى 8 - ئايدا بىز بۇ ئىنقىلابىي يادىكارلىقنى قايتا تەكشۈرگەندە، شوتا يېزىسىدىكى پېشقەدەم مائارىپچى، يەرلىك ئۇيغۇر دېھقانلاردىن خاتىرە تاشقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدۇق.

خاتىرە تاشنىڭ تېكىستىنى 1946 - يىلى تېكەس 1 - ئاتلىق پولك كاتىپى سىدىقجان يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى پولك تۆمۈرچىسى ئەھمەت ئۇستا تاشقا ئويغانىكەن (ئەھمەت ئۇستا 1982 - يىلى شوتا يېزىسىدا ۋاپات بوپتۇ). مەلۇم بولىدىكى، بۇ قىممەتلىك ئىنقىلابىي يادىكارلىقمۇ «بالايى - ئاپەتلىك يىللار»نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا ئۇچراپتۇ. ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بەزىلەر بۇ خاتىرە تاشنى ھاڭغا غۇلىتىپ كۆككۈم - تالقان قىلماقچى بولۇپ، ئۇنى تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغاپ، خاتىرە تاش ئورنىتىلغان جاينىڭ ئۇدۇلىدىكى تىك قىياغا ئىتتىرەكچى بولغاندا، تاش دۈم بولغان پېتى تۇرۇپ قاپتۇ - دە، ئامالسىز قايتىپ كېتىپتۇ...

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇلۇپ، بالايى - ئاپەتنىڭ يىلتىزى قومۇرۇلغانغا قەدەر بۇ خاتىرە تاشمۇ دۈم قالغان پېتى جايىدا تۇرۇۋېرىپتۇ. كېيىن يېزىدىكى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى، دېھقانلاردىن بىر نەچچەيلەن ئۇنى قايتىدىن ئەسلى جايىغا يۆتكەپ تاغ باغرىدىكى قارىغاي تۈۋىدە ئورنىتىپ قويۇپتۇ.

1984 - يىلدىن كېيىن بۇ خاتىرە تاش ھەققىدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى بىر نەچچە پېشقەدەم ئوفىتسېرلىرى بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق، ئەينى يىللاردا تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ مۇئاۋىن پولك كوماندىرى، پولكىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ۋەزىپىسىنى ئىزچىل ئۆتىگەن ھەمدۇللا قۇربانوپ ئاكا بىلەن كۆرۈشۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم (ھەمدۇللا قۇربانوپ 1980 - يىلى شىنجاڭ سانائەت شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغانىكەن، ھازىر دەم ئېلىشتا).

ھەمدۇللا قۇربانوپ ئاكا تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ ئىنقىلاب ۋە تىنچلىق يىللىرىدا كۆرسەتكەن مۇھىم تۆھپىلىرى ھەققىدە ناھايىتى قىممەتلىك پاكىت - ئەسلىمىلەرنى سۆزلەپ بەردى... ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىچە:

«... تېكەس 1 - ئاتلىق پولكى 1944 - يىلى 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى غۇلجا شەھىرىدە ئەسلى پارتىزان شەكلىدىكى ئىككى ئىسكادرون (ليەن)نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. شۇ چاغدا پولك كوماندىرى ئىسھاقجان مەۋلانوپ (قىرغىز)، مەن ليەنجاڭ ئىدىم. پولكىمىز بىر نەچچە قېتىم شىددەتلىك، ھەل قىلغۇچ جەڭلەرگە قاتنىشىپ ۋەزىپىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئىجرا قىلدى...

1945 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرى جىڭ، شىخولارنى دۈشمەندىن ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. شۇ يىلى مەن پولكنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى كېيىنچە سىياسىي كومىسسارى بولدۇم. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ ئاخىرى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چېگرىسىنى ساقلاش ئۈچۈن قوماندانلىق شتاب بىزنى جىڭدىن - شوتىغا يۆتكىدى.

پولكىمىزنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى-ئالدىنقى قاراۋۇللاردىن قومبەل (مۇزداۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدە، هازىرقى شوتا يېزىسىدىن تەخمىنەن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا، كونا ئات يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭ)، تامغا تاش (هازىرقى باي ناھىيىسى تەۋەسىدىكى يايلاق)، توغرا سۇ، خان يايلاق قاتارلىق جايلاردا قاراۋۇللۇقنى ياخشى قىلىپ، مۇزداۋان يولىنى توسۇش ئىدى.

پولكىمىز شوتىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ھەربىي ئىشلارغا قولايلىق بولۇش ۋە مۇزداۋان ئارقىلىق جەنۇبىي شىنجاڭغا بارىدىغان يولۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، 400 نەپەر كوماندىر - جەڭچى 25 كۈن جاپالىق ئىشلەپ، شوتا مەھەللىسىدىن قومبەلگىچە بولغان يولنى ھارۋا يۈرۈشكە لايىق قىلىپ ياساپ چىقتۇق. شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە قوماندانلىق شتابتىن بىزگە: «بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش، ئاشلىق بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش» بۇيرۇقى كەلگەنىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ئاقسۇ يېزىسى، چېكىرتى يېزىسى ۋە شوتا مەھەللىسىدىكى خەلق ئۆزلۈكىدىن پولكىمىزغا ياردەملىشىپ، پولكىمىز ئۈچۈن شوتا ئەتراپىدىن تەخمىنەن 2000 مو يەرگە دېھقانچىلىق قىلىپ بەردى. پولكىمىزدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر خەلقنىڭ غەمخورلۇقىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق جاۋاب ياندۇرۇش يۈزىسىدىن شوتا جىلغىسىغا چوڭ توغان ياساپ، ئەسلىدىكى كىچىك ئېرىقنى كېڭەيتىپ، 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چاپتى. ئۇنىڭدىن باشقا، پولكىمىز خەلق ۋە ئەسكەرلەرنىڭ پاناھلىنىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، مۇز داۋاننىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى شىپالىق دېگەن يېرىدە تۇمان ۋە بوراندىن ساقلىنىدىغان ياغاچ ئۆي ياساپ چىقتى. كوماندىر - جەڭچىلەر بۇ ئۆينى ياساشقا كېرەكلىك چوڭ قارىغاي ياغاچلىرىنى 30 - 40 كىلومېتىر يىراقلىقتىن كۆتۈرۈپ كېلىپ داۋانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاقسۇ يېزىسىدىكى چوڭ ئېقىنغا مۇستەھكەم قىلىپ چوڭ ياغاچ كۆۋرۈك سېلىپ بېرىلدى.

ئومۇمەن يۇقىرىدىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى پولكىمىزدىكى كوماندىر-جەڭچىلەر يەرلىك خەلق بىلەن مۈرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئىشلەپ پۈتتۈرگەن.

1946 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۇقىرىدىكى چوڭ ۋەزىپىلەرنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندالغانلىقى شەرىپىگە كوماندىر - جەڭچىلەر بىلەن خەلق شوتىدا داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ تەنتەنە قىلدۇق. بۇ كۈنى پولكىمىزدىكى ئەزىمەتلەر خەلققە ھەر خىل ئات ئويۇنى، تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يۇقىرىدا دېيىلگەن خاتىرە تاشمۇ تىكلەندى...»

خانتەڭرى باغرىدىكى بۇ خاتىرە تاش-ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى توغرىسىدىكى قىممەتلىك ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بۈگۈنكى كۈندە تېكەس 1 - ئاتلىق پولكىنىڭ خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىلىرى، ئىش ئىزلىرىنى خاتىرىلەش، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە ياش ئەۋلادلارغا ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.






سەئىد ئەھمەد (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى خوتۇن

(مۇتلەق يالغان، زادى بولمىغان ۋەقە)

خوتۇن: يەنە ئىچىپ كەلدىڭىزمۇ؟ بۇ ئۆيدە تەتۈر قىيىنىلىپ ئۆلۈدىغان بولدىغۇ كىشى.

ئەر: ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە.

(خوتۇن ئۇنى يېتىلەپ كېلىپ دىۋانغا ياتقۇزىدۇ. ئەر يېتىپلا، خورەك تارتىشقا باشلايدۇ. خوتۇن ئىنىڭكى قولىنى بېقىنىغا تىرەپ، ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن گۆلىيىدۇ.)

خوتۇن: ئۇنىڭ پىيەنچۈكلىكىڭدىن ئەجەبمۇ بىزار بولدۇم. قىلغۇلۇقنى قىلىپ كېلىپ، مانا ئەمدى سوزۇلۇپ يېتىۋالدى. تىنچ ئۇخلىسا كاشكى، تاڭ ئاتقۇچە مىڭ خىل چۈش كۆرۈپ، جۆيلۈپ، ۋايساپ، ئىنجىقلاپ



چىقىدۇ. (ئۈستەل چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ.)

(سەھنە چىرىغى ئەرنى يورۇتىدۇ. ئەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلىدۇ. ئۆزىچە نېمىلەرنىدۇ دەپ، مەستلەرچە سۆزلەشكە باشلايدۇ.)

ئەر: سانا تورىيە ... زۇمرەتخان ... خوتۇنۇمغا ئېيتمايمەن. ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي رېستورانلارغا بارىمىز. مائاش ئالغىنىمدا سىزگە بىر ئەتلەس كۆڭلەك ئېلىپ بېرىمەن. ئاھ، سادىغاڭ كېتەي. ئىشقىلىپ خوتۇنۇم بىلمىسۇن.

پائۇزا

(سەھنە تېخىمۇ يورۇيدۇ، خوتۇنى كۆرۈنىدۇ. ئەر چۈش كۆرۈۋاتىدۇ. خوتۇن ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن قارايدۇ. خوتۇنىنىڭ قىياپىتى پەرىشتىلەرگە ئوخشايدۇ.)

خوتۇن: ئۇخلىشىنى قاراڭلار. نېمىدېگەن تاتلىق ئۇخلايدۇ. بۇنداق تاتلىق ئۇخلايدىغان ئەر كىشى دۇنيادا مۇشۇ بىرلا بولسا كېرەك.

ئەر: (چۈشىدىكى سوزۇق ئاۋاز بىلەن) خوتۇن، مەندىن رەنجىمىگەنسەن؟

خوتۇن: ۋاي، نېمىشكە رەنجىگىدەكمەن؟ سىزدىن رەنجىمىش - ماڭا گۇناھ. قانداقلا ئىش قىلسىڭىز سىزگە يارىشىدۇ. خالىسىڭىز ئىچىپ كېلىڭ، خالىسىڭىز خەقلەرنىڭكىدە يېتىپ قېلىپ، ئەتىسى - ئۈچ كۈن يوقاپ كېتىڭ، ھېچنېمە دېمەيمەن، پەقەت سېغىنىمەن، ئىنتىزار بولۇپ يولىڭىزغا تۆت كۆز بىلەن قاراپ ئولتۇرىمەن-شۇ.

ئەر: خوتۇن، خاپا بولمايسەن - دە، ئەندى. تۈنۈگۈن مايكامنى تەتۈر كىيىپ كەپتىمەن.

خوتۇن: ۋاي، شۇ تايىنى يوق ئىشنىمۇ گېپىم بار دەپ قىلىپ، ئەپۇ سوراپ ئولتۇرامسىز؟ تەتۈر كىيىۋالغان بولسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ ئۆيگە كېلىپ، تۈزەپ كىيىۋالسىڭىز بولىدىغۇ. ماڭا قاراڭ، بۈگۈن نەگە بارىسىز؟

ئەر: ھېچيەرگە بارمايمەن، خوتۇن.

خوتۇن: ياق، بارىسىز! ئايىمساخانغا ۋەدە قىلغانتىڭىزغۇ؟ ئۇ سائەت سەككىزدە كىنوخانا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرماقچىغۇ؟

ئەر: بارمايمەن.

خوتۇن: ۋاي! ئۇ بىچارە قىز يولىڭىزغا ئىنتىزار بولۇپ، كىنوخانا ئالدىدا كۈتۈپ تۇرسا، سىز ئۆز خوتۇنىڭىز بىلەن ئۆيدە بەخىرامان ئولتۇرسىڭىز، بۇ قانداق قاملاشمىغان قىلىق؟ بىرسى ئاڭلىسا، سىزنى مەنىۋى ئوسال بولىمىز. ئەلۋەتتە، خوتۇنى نەۋەتمىگەن، دەپ سۆز - چۆچەك قىلىدۇ. ماڭا گەپ تېپىپ بېرىسىز. بېرىڭ، بولامدۇ؟

ئەر: بولىدۇ، خوتۇن، ئۆزۈمنىڭ بارغىم يوق، ئەمما سېنىڭ كۆڭلۈڭنى دەپ بارىمەن. دېمىسەم بولماس، ئۇنى كىنوغا ئاپىرىشقا پۇلۇم يوق.

خوتۇن: ۋاي، نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز؟ توپلەي ئېلىشقا ساقلاپ قويغان پۇلۇمدىن بەش - ئالتە سومنى بېرىپ تۇرىمەن. مانا.

(يېنىدىن بىر تاتازا پۇل ئېلىپ، ئىچىدىن بىر - ئىككىنى سوغۇرىدۇ.) ياق، بۇ يەتمەيدۇ، چۈنكى، كىنودىن كېيىن تاكسىدا ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇشىڭىز كېرەك. گۈل ئېلىپ بېرىشىڭىز كېرەك. مارۇژنىمۇ يەسىلەر تېخى. رېستورانغا كىرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئىززا تارتىپ قالماڭ. مانا، ئەللىك سومنىڭ ھەممىسىنى بېرىۋېتەي، يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ. توپلەينى كېيىن ئالارمەن.

ئەر: رەھمەت، خوتۇن.

خوتۇن: ئىدارىڭىزدىكى نۇرخان دېگەن قىزغا ھىندىستان شارپىسى ئېلىپ بېرىمەن، دېگەنىكەنسىز، نېمىشقا ئېلىپ بەرمىدىڭىز؟

ئەر: بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىڭ؟

خوتۇن: ئاڭلىدىم - دە.

ئەر: ئېلىپ بەرمەكچى ئىدىم، سەندىن قورقتۇم - شۇ. دېمىسەم بولماس، يېنىمدا پۇلمۇ يوق ئىدى.

خوتۇن: بۇنداق كەپنى ماڭا ئېيتمىسىڭىز كېرەك. قىز بالىغا بىر نەرسە ۋەدە قىلغان ئەر كىشى، ئەلۋەتتە گېپىدە تۇرۇش كېرەك، بولمىسا، قىزلار سىز بىلەن يۈرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا، ئۆي راسخوتىغا ئېلىپ قويغان پۇلدىن ئوتتۇز بەش سوم — ئەتە دەرھال بېرىپ، ھىندىستانچە شارپىدىن بىرنى ئېلىپ، نۇرخاننىڭ بېشىغا سېلىپ قويۇڭ، بولامدۇ؟ ياق، ئاۋۋال ماڭا بولىدۇ، دەپ ۋەدە بېرىڭ، ئەگەر مېنى ئالدىسىڭىز، ئۆزۈم ئېلىپ سىز ئۈچۈن نۇرخانغا ئاپىرىپ بېرىمەن.

ئەر: بولىدۇ، بولىدۇ، خوتۇن. ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. بۈگۈن سەل خاپىراق تۇرىسەن، خوتۇن، نېمە بولدى؟

خوتۇن: زېرىكتىم. ھە، راست، قويۇۋەتكەن خوتۇنىڭىزنى چاقىرىپ كېلىڭ، سۆزلىشىپ ئولتۇرىمىز. كۈندىشىمنى بەك سېغىنىمەن. چاقىرىپ كېلەمسىز؟ بولىدۇ، دەڭ، ياق دېمەڭ.

ئەر: بولىدۇ، بولىدۇ، دېدىمغۇ. نېمىشقا گېپىمگە ئىشەنمەيسەن؟

خوتۇن: ئۇنىڭغىمۇ پەلتو ئېلىپ بېرىڭ. كۈندىشىم بىلەن ئىككىمىز بىر جۈپ قىلىپ كىيىپ يۈرىمىز. بولامدۇ؟

ئەر: بولىدۇ، خوتۇن، بولىدۇ.

خوتۇن: سوچىغا بارغاندا سۈرەتكە چۈشۈپتىكەنسىز، ساناتورىيىنىڭ سۈرەتچىسى ئەۋەتكەنىكەن، بۈگۈن كەلدى. كۆردىڭىزمۇ؟

ئەر: كۆردۈم، خوتۇن، كۆردۈم.

خوتۇن: سىز سۈرەتكە ياخشى چۈشمەپسىز، يېنىڭىزدىكى خوتۇن ياخشى چۈشۈپتۇ.

ئەر: تونۇمايمەن، ئىللا - بىللا، تونۇمايمەن.

خوتۇن: ئۇنداق دېمەڭ. ئەجەبمۇ چىرايلىق جۇۋان ئىكەن. كۆڭلىكى بەك يارىشىپتۇ. فىگۇرىسى بەكمۇ قاملاشقانىكەن. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپتۇ، سىز قاپىقىڭىزنى تۈرۈۋاپسىز - ھە؟

ئەر: دېڭىزدا چۆمۈلۈپ چىققانىدۇق، سەل توڭلىغانىدىم.

خوتۇن: قىزلار بىلەن سۈرەتكە چۈشكەندە، مۇنداق، (دورايدۇ) سەل ھىجىيىپ، بېشىنى باشقا تەككۈزۈپ، مۈرىسىگە قولىڭىزنى قويۇپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

ئەر: بولىدۇ، خوتۇن، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق قىلىمەن.

خوتۇن: قاچان دەم ئېلىش ئالىسىز؟

ئەر: بىر ھەپتىدىن كېيىن. سېنى كىسلوۋودىسكىگە ئاپىرىمەن. رەسمىيىتىنى تەييار قىلىپ قويدۇم.

خوتۇن: مەن بارمايمەن، جەننەتخاننى ئېلىپ بېرىڭ. بىچارە بىرەر قېتىممۇ ساناتورىيىگە بېرىپ باقمىغان.

ئەر: قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن؟ توي خېتى بولمىسا، ساناتورىيىدە بىزنى بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرمايدۇ - دە.

خوتۇن: بىر ئامالىنى قىلىسىز - دە. شۇ ئىشنىمۇ توغرىلىيالمامسىز؟ مەن جەننەتخانغا تېلېفون بېرىپ، ئېرىم سىزنى ساناتورىيىگە ئاپىرىدۇ، دەپ ئېيتىپ قويىمەن. بىچارە تازا خۇش بولۇپ كېتىدۇ.

ئەر: سەن نېمە ئىش قىلىسەن؟

خوتۇن: سىز جەننەتخان بىلەن ساناتورىيىدە دەم ئېلىۋاتقان چېغىڭىزدا بالىلىرىڭىزنى بېقىپ ئولتۇرىمەن. تۈنۈگۈن ئېلىپ كەلگەن مايكا بەك ياخشى ئىكەن، ئۇنى جەننەتخانغا سوۋغا قىلىڭ، بولامدۇ ؟

ئەر: بولىدۇ، خوتۇن، بولىدۇ. سېنىڭ گېپىڭنى يەردە قويمايمەن.

خوتۇن: شۇنداق بولسۇن. ئېرىمدىن، مېھرىبان، ھالال، پاك ئېرىمدىن ئۆرگىلەي (ئېرىنىڭ يۈزىگە سۆيىدۇ. خوتۇننى يورۇتۇپ تۇرغان سەھنە چىرىغى ئۆچىدۇ. ئەر ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆرۈلىدۇ. ئۆز - ئۆزىگە: بولىدۇ، خوتۇن، دەپ جۆيلۈيدۇ، چۆچۈپ ئويغىنىدۇ).

خوتۇن: قانداق دېگەن نومۇسسىز-شەرمەندە ئەر بۇ؟ مائاشى قېنى؟ ئىچىپ تۈگىتىپ

كەلگەندۇرسىز، تايىنلىق؟ تويدۇم بۇتۇمپاي، پېيەنچۈك، تۈتەرۈقسىز، شالىلاق كەردىن. (ۋارقىرايدۇ.) تۇرۇڭلا ئۆيىنىڭ ئىچى ھاراقنىڭ بۇسىدىن سېسىپ كېتىپتۇ. ھە، سىزدەك ئەرنىڭ بارىدىن يوقى خوپ.

ئەر: ئاھ، چۈشۈم، ئۇلۇك كەلمىدىغۇ، قېنى ئەمدى يەنە بىر ئۇخلىسام، بايىقى چۈشنى يەنە بىر كۆرسەم. بۇنداق ئىشنى پەقەت چۈشۈڭدىلا كۆرىسەن. ئوڭۇڭدا بولسا، مانا_ كۆرگىنىڭ.

(خوتۇنى ئۇنى كۆسەي تەڭلەپ ھەيدەپ چىقىپ كېتىدۇ.)

## مېنى كەچۈرۈڭ

ئېرگەش: (كاتىپقا) يېڭىمىغا ھېچنېمىنى كىرگۈزمەڭ، باشقارمىغا دوكلات تەييارلاۋاتىمەن. (ئىچكىرىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىدۇ).

ھەسەن: (كىرىدۇ) باشلىق بارمۇ؟

كاتىپ: بۈگۈن ئۇ ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدۇ. باشقارمىغا دوكلات تەييارلاۋاتىدۇ.

ھەسەن: ئىككى ئېغىزلا گەپ، خالاس. (كاتىپنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئىشىكنى ئېچىپ كىرىدۇ.) ئەسسالامۇئەلەيكۇم. (ئېرگەش بېشىنى كۆتۈرمەيدۇ.) ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، باشلىق. بالا - چاقىلار، نەۋرىلەر، قۇدىلار...

ئېرگەش: گەپنى قىسقا قىلىڭ، ئىشىم ئالدىراش، ئېيتىڭ، نېمە گېپىڭىز بار؟

ھەسەن: ئالدىرىماڭ، باشلىق. ئاۋۋال ھال-ئەھۋال سورىشىۋالايلى.

ئېرگەش: گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيت، ئالدىراۋاتىمەن.

ھەسەن: مەن ئەخمەقنى كەچۈرۈڭ، نادانلىق قىلدىم.

ئېرگەش: سىزنى ھېچ تونۇيالمايۋاتىمەن؟

ھەسەن: ۋاي، ۋاي، مېنى تونۇمىغىنىڭىز قىزىق - تە! (ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەيدۇ.) ئۇستاتلىق قىلىۋاتىدۇ. ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا كەچۈرمەيدۇ، بۇ ئەبلەخ. (ئېرگەشكە) باشلىق، ئەپۇ قىلىڭ، گۇناھ مەندە.

ئېرگەش: قانداق گۇناھ ئۇ، ھېچ بىلمەيۋاتىمەن.

ھەسەن: (ئۆز - ئۆزىگە) بىلمەس ئىمىش تېخى. مەيلىڭگە قويۇپ بەرسە ھاپ قىلىپ، يەپ قويۇشقا تەييارغۇ، سەن ئەبلەخ!

ئېرگەش: گەپنىڭ ئۆزىنى دەڭ، قانداق گۇناھ قىلدىڭىز؟

ھەسەن: (ئۆز - ئۆزىگە) ھۇ... تۈلكە، بىلمەس ئىمىش. (ئېرگەشكە) ماڭا قاراڭ، باشلىق. ئاشۇ كۈنى ئاۋۇ سادىر ئاكا دېگەن ئەبلەخ مېنى ئازغاشتۇردى. باشلىقنىڭ ئۇلى لىڭشىپ قالدى، سەنمۇ دەيدىغىنىڭنى دەۋال، بىرەر مەنپەئەتكە ئىگە بولۇپ قالىسەن، دەپ كۈشكۈشلىدى. مەن ئەخمەق، مەن دۆررەك ئۇ ئەبلەخنىڭ گېپىگە كىرىپ سىزنى تەنقىد قىلدىم. سىزدەك بىگۇناھ، پەرىشتىدەك بىئازار، پاكىز ئادەمگە قارا چاپلىدىم. لېئوناردۇ-داۋىنچىمۇ، مەختۇمقۇلىمۇ ئىشقىلىپ قايسىدۇر بىرى: «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە، مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىنى چىشلەپتۇ» دېگەنىكەن، مەن ئەخمەق، مەن دۆررەك، سىزدەك ئالىيجاناب مۈشۈك بىلەن ئوينىشامدىمەن! پۇشايماننى ئالغىلى قاچا يوق، ئالدىڭىزدا تۇۋا قىلىپ ئۆزۈمنى كاچاتالىغىلى كىردىم.

ئېرگەش: ياق، ياق. ئۇنداق قىلماڭ. (ئۆز - ئۆزىگە) مېنى نېمىدەپ تەنقىد قىلىۋېدىكەن، زادى ئېسىمدە يوق.

ھەسەن: (ئۆز- ئۆزىگە) زادى ئېسىمدە يوقمىش تېخى. پەيتى كەلسە، تېرەمنى تۇلۇمچىلاپ سويۇپ ئىچىگە سامان تىقارسەن، ھۇ كاز-

زاپ. (ئېرگەشكە) جېنىم باشلىق، كەچۈرۈۋېتىڭ.

ئېرگەش: (خاپا بولۇپ) كەچۈردۈم، خاتىرجەم ئۆيىڭىزگە كېتىۋېرىڭ.

ھەسەن: راستمۇ؟ (ئۆز - ئۆزىگە) چىن كۆڭلىدىن دەۋاتامدىغاندۇ ئۇ؟

ئېرگەش: ھەي بۇرادەر، ئىشىم بەك ئالدىراش (قولىنى كېكىرتىكىگە ھەردەك سۇركىگەننى ئىشارەت قىلىدۇ).

ھەسەن: كېتىۋەرسەم بولامدۇ؟ خاتىرجەم كېتىۋېرەيمۇ؟

ئېرگەش: (ئۆز-ئۆزىگە) ھەي، ئەزمەگىنى ئەزمەي يوقال، ئۆلگۈر. (ھەسەنگە) بىمالال كېتىۋېرىڭ!

ھەسەن: خوپ، بولىدۇ. كەتتىم. (چىقىپ كېتىدۇ.)

ئېرگەش: بۇ ئەزمە زادى كىم، مېنى قاچان، نېمىدەپ تەنقىد قىلغانىكەن؟ زادى ئېسىمدە يوق. (قەغەزلەرنى ئاقتۇرىدۇ.) ئىككىنچى كىۋارتال بىر يۈز ئۈچ، ئۈچىنچى كىۋارتال بىر يۈز سەككىز...

ھەسەن: (ئىشىكنى ئېچىپ مۇلايىملىق بىلەن كىرىدۇ) بىر ئېغىز سۆزۈم چالا قاپتۇ، باشلىق. پېتىرپېرۋۇدىمۇ، شامەشرەپمۇ بىرسى ئېيتقانىكەن: «ئويناشمىغىن ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالار ھەر باب بىلەن». مەن ئەخمەق، مەن دۆررەك، سىزدەك ئالىيجاناب ئەرباب بىلەن ئوينىشىپ يۈرۈپتىمەن، ھەر كەلىمىسى تىللاغا ئەرزىيدىغان، گۆھەردەك قىممەت گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، تاكى ترامۋاي بېكىتىگىچە ئويلاپ، دانالىقىڭىزغا قول قويدۇم. ئەمما ترامۋايغا چىقىشىم بىلەن ئەقلىم ئىشلەپ بىر سۆز ئېسىمگە كەلدى - دە، پۇتۇمنى تارتىۋېلىپ، ھوزۇرىڭىزغا قايتىپ كەلدىم.

ئېرگەش: (ئاھ ئۇرىدۇ) يەنە نېمە ئىش؟

ھەسەن: ھەممىلا گېپىڭىز ھېكمەت، سىزدىن بىرلىيانتەك جۇلالىق، گۆھەردەك نۇرلۇق، ھەسەلدەك تاتلىق سۆز چىقىشىنى بىلىمەن، ئەمما قۇلىقىمىزنى مۇنداق قىلىپ (كېكىرتىكىگە ھەرە قىلىپ كۆرسىتىدۇ) كۆرسەتكىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم. نېمە، مېنى بوغۇزلىماقچىمىسىز؟ مېنى ھە؟ مېنىڭ سەككىز بالام بار، قېرى ئاتام - ئانام بار. بىر قىزىم تۆت بالىسى بىلەن ئېرىدىن ئاجرىشىپ ئۆيۈمگە كېلىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. قېيىن ئاتام ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. كېچىسى ئىككى قېتىم تۇرۇپ ئورنىنى قۇرۇقدايمەن. خوش، مېنى بوغۇزلاپ شۇنچە جاننى ئۆزىڭىز باقامسىز؟ قېيىن ئاتامنىڭ ئورنىنى ئىككى قېتىم قۇرۇقدامسىز؟ خوش، سۆزلەڭ. ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى كەچۈرۈۋەتسىڭىزلا بولىدىغۇ. مەن ئەخمەقنى، مەن دۆررەكنى كەچۈرۈۋەتسىڭىزلا بولىدىغۇ.

ئېرگەش: (تاقەتسىز بولۇپ) كەچۈردۈم، مىڭ مەرتىۋە كەچۈردۈم، بۇرادەر.

ھەسەن: شۇنداق دەۋاتىسىزۇ، كۆڭلىڭىزدىن چىقىرىپ دېمەيۋاتىسىز.

ئېرگەش: ھەي بۇرادەر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق كەچۈرسەم بولاتتى؟

ھەسەن: ئاۋازىڭىز سەل بوشراق چىقىۋاتىدۇ - دە. سۆزىڭىز چىن ئەمەس. يەنە چىرايىڭىزمۇ ئانچە ئېچىلمايۋاتىدۇ.

ئېرگەش: كەچۈردۈم، كەچۈردۈم، كەچۈردۈم...

ھەسەن: بەرىبىر كەچۈرگىنىڭىزگە چىنپۈتمەيۋاتىمەن.

ئېرگەش: (ھوشىدىن كېتىپ) كەچۈردۈم!!! يوقال! (ھالىدىن كېتىپ يىقىلىدۇ)

ھەسەن: كەچۈرگىنى يالغان بولسىمۇ، يىقىلغىنى راست. ھازىر دوختۇر چاقىرىمەن، ھايات قالسا كەچۈرمىگىچە قويمايمەن. ئەگەر ئۆلگىنى راست بولسا، ئەلۋىدا!!

## توي سوۋغىتى

(ئەر ئىشىكتىن خۇرسىنىپ كىرىدۇ)

ئەر: مانا، خوتۇن. بۇ مۇكاپات پۇلى، بۇ مائاش، مانا بۇ كامانىدروپكا پۇلى. قانداق؟ يازدىچە ئويناپ-كۈلۈشىمىزگە يېتەمدۇ؟

خوتۇن: ۋاي، دادىسى، يېتىپ ئېشىپمۇ قالىدۇ. قولىمىزغا شۇنچىۋالا پۇل كىرگەندە مەن بىر پىلاش ئېلىۋالسام بولاتتى.

ئەر: مەيلى، مەيلى، خوتۇن. پەلتۇمۇ ئال، بۇ پۇللارنى قانداق ئىشلەتسەڭ، نېمە قىلساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى. ئۆينىڭ كەم-كۈتسىگە كېتەرلىك چىقىمىنى ئوبدان ھېسابلاپ قوي. سېنىمۇ كەم-كۈتسىڭنى پۈتتۈزۈۋال. ئۆي سالىمىز، دەپ كىيىم-كېچەكىمىز بىلەنمۇ كارىمىز بولمىدى. ئەمدى تازا ئوبدان كىيىگەن.

(ئىشىك تاقىلدايدۇ. خوتۇن چىقىپ كېتىدۇ. بېشىدا داستىخان كۆتۈرگەن موماي كىرىپ كېلىدۇ.)

موماي: ئۆزۈم كەلمىسەم كارىڭلارمۇ يوق، ساق-سالامەت تۇرامسىلەر؟ ئەجەب سېغىنىدىم. كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭلار.

ئەر: رەھمەت، ئانا. ئۆزىڭىزمۇ تىنچ تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنى يوقلاپ كەلگىنىمىزگە تېخى ئەمدىلا ئۈچ كۈن بولغان تۇرسا، كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتىڭلار، دەيسىزغۇ؟

موماي: ئۈچ كۈن، بىلەمسەن، نېمىدېگەن ئۇزۇن ۋاقىت بۇ. كۈندە خەۋەر ئېلىشىڭ كېرەك. مەن سېنىڭ ئاناڭغۇ، ئانا دېگەن تېپىلمايدۇ، بالام.

(خوتۇن كىرىدۇ.)

خوتۇن: ئانىجان، كۆڭلىڭىز قايسى تاماقنى تارتىدۇ؟ شويلا قىلايمۇ ياكى بېھى بېسىپ پولۇ ئېتىپ بېرەيمۇ؟

موماي: پولۇ ئېتىڭىزنىمۇ، شويلىڭىزنىمۇ قويۇڭ، كېلىن پاشا. ئولتۇرۇڭ، گەپ بار.

(ھەممىسى ئولتۇرۇشىدۇ.)

موماي: ماڭا قاراڭلار، ئىنىسى بىڭلار بىر ئارمۇ؟ بىرسىڭ ئۆيلەندىڭ، بىرسىڭ ئەرگە تەگدىڭ. بىرىڭ ئوغلۇڭنىڭ خەتنە تويىنى قىلدىڭ، بىرىڭ ئۆي چېيى قىلدىڭ، بىرىڭ ئوغلۇڭنى ئۆيلىدىڭ. ئاخىرىدا مېنى قەرزگە بوغۇپ قويۇپ كېتىپ، قېلىشتىڭ.

ئەر: قانداق قەرز؟

موماي: ئۆيلەنگىنىڭدە ھاجەت قاسساپ بىر بورداق قوي ئېلىپ كەلگىنىنى ئېسىڭدىمۇ؟ قېنى، قەغەزگە بىر-بىرلەپ يېزىپ تۇر. قوي، دەپ ياز. يازدىڭمۇ؟

ئەر: يازدىم.

موماي: بىر قوي سەكسەن سوم، بۇنىمۇ ياز. ئۆي چېيىڭدا ھاجەت بىر يەشىك ھاراق ئېلىپ كەلگەن، ھېسابلاپ قويغانىمەن. يىگىرمە بوتۇلكا ھاراق ئاتمىش سوم بولىدۇ. ياز. ئوغلۇڭنىڭ خەتنە تويىدا تاغاڭ ۋېلىسىپت ئېلىپ كەلگەن. ياز. ئەللىك بەش سوم دەپ ياز... ئاچاڭنىڭ ئېرى شۇ چاغدا ئىككى تاغار گۈرۈچ، بىر ئەتلەس يوتقان ئېلىپ كەلگەن. ياز، سەكسەن ئىككى سوم دەپ ياز. خوش، خوتۇنىڭنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولغاندا تاغاڭ بەرقۇت بىلەن قىرىق بەش سوملۇق توپلەي ئېلىپ كەلگەن، سەكسەن سوم دەپ ياز. شۇ چاغدا ئاچاڭنىڭ ئېرى يۈز ئەللىك سومغا ئارتىس چاقىرتقان، يېزىپ قوي. قاتلىما، چۆچۈرە، سامسا ۋە باشقىلارنى تېخى دېگىنىم يوق. ئالتە تويغا ئالتە قېتىم شۇنداق سوۋغىلار كەلگەن بولسا، ھەر بىرىنى ئەللىك سومدىن دەپ يېزىپ قوي. قېنى، ھەممىسىنى بىر ھېسابلاپ باق. ھە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتىرىغا توي قىلىشىۋاتىدۇ، قايتۇرۇش كېرەك. مېنىلا قەرزدار قىلىپ ئولتۇرامسىلەر؟ قېنى قانچە بولۇپتۇ؟

ئەر: بەشيۈز ئەللىك يەتتە سوم بولۇپتۇ. ۋاي بۇ... چىشىم چىقىپ بۇنچىلىك جىق پۇلنى ساناپ باقماپتىكەنمەن ھەم كۆرۈپمۇ باقماپتىكەنمەن.

خوتۇن: ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

موماي: ئالماقنىڭ بەرمىكى بار. قېنى، ھەممىنى ئوتتۇرىغا قويۇڭلار.

(ئەر يېنىدىكى ھەممە پۇلنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.)

ئەر: مانا بارى مۇشۇ، ئىككى يۈز قىرىق سوم. خوتۇن، بانكىدا يەنە ئاز-پاز پۇل بارمۇ؟

خوتۇن: ئوتتۇز ئىككى سوم قالغان.

ئەر: ئانا، بارىنى ئېلىپ كېتىۋېرىڭ، ئوتتۇز سومنى ئەتە ئاپىرىپ بېرىمەن. ئىككى-ئۈچ كۈندىن كېيىن بىرەر نەرسىمىزنى سېتىپ، يەنە قالغىنىنى ئاپىرىپ بېرىمىز.

(موماي پۇللارنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرىدۇ.)

موماي: كېچىكتۈرمەي ئېلىپ بېرىڭلار. ئۇ تويلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزۈڭلار مۇبارەك بولسۇن ئېيتىپ، كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىپ، ئوبدانراق يارىشىقىنى قىلىپ بارارسىلەر. مۇنداق توي-تاماشىغا ئارىلىشىپ تۇرۇش كېرەك، بولمىسا، قاتاردىن قالىسىلەر.

(موماي چىقىپ كېتىدۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى لاسسىدە بوشىشىپ، ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)

خوتۇن: پىلاش بىلەن پەلتۇ ئالماقچى ئىدىم.

ئەر: كىسلوۋودسكىگە بارماقچى ئىدۇق.

خوتۇن: كەم-كۇتىمىزنى تولۇقلىماقچى ئىدۇق.

ئەر: سېنى بىر ئوينىتماقچى ئىدىم.

(تېلېفون جىرىڭلايدۇ. ئەر تىرۇبكىنى ئالىدۇ.)

ئەر: ۋەي، ھە، مەن. ھەي، شۇنداقمۇ؟ مۇبارەك بولسۇن. ئەلۋەتتە بارىمىز. سىز توي قىلسىڭىز بىز بارمايتتۇقمۇ؟ بېشىمىز بىلەن مېڭىپ بولسىمۇ بارىمىز-دە. (تىرۇبكىنى قويىدۇ).

خوتۇن: كىم ئۇ؟

ئەر: سېنىڭ تاغاڭ. ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى ئىمىش، ئۆگۈنلۈككە توي ئىكەن.

خوتۇن: ۋاي قانداق قىلاي ئەمدى. تاغام ئۆي چېيىمىزدا كىلەم ئېلىپ كەلگەنتى. ئەمدى قانداق قىلدۇق؟ 400 سوملۇق گىلەم ئىدى-دە.

ئەر: خوتۇن، ھازىر باشقا ئامالىمىز يوق. ئەمدى بولمىدى، ئۆينى سېتىپ، بۇ سۇتقا ئىشلىتەيلى، ئېلان يېزىپ بەرسەم، كوچىدىكى ئىستولبىغا چاپلاپ كېلەمسەن؟

(يەنە تېلېفون جىرىڭلايدۇ، ئالىدۇ.)

ئەر: ۋەي، ھە، مەن. مەن شۇ، شۇنداقمۇ، مۇبارەك بولسۇن، خوپ، خوپ، ئەلۋەتتە.

(ئەر تىرۇبكىنى قويۇپ، بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالىدۇ.)

خوتۇن: يەنە كىمدىن كەلگەن تېلېفونكەن ئۇ؟

ئەر: ئاچاڭنىڭ يولدىشىدىن كەپتۇ. قىزىنى ياتلىق قىلماقچىكەن. مۇشۇ ئاينىڭ 10 - كۈنى توي ئىكەن.

خوتۇن: ۋاي ئەمدى قانداق قىلاي، ئاچامنىڭ يولدىشى بىز ئۆي سالغاندا بىر تونناقەلەي ئېلىپ بەرگەنتى. ئەمدى قايتۇرۇش كېرەك.

(تېلېفون جىرىڭلايدۇ. ئەر ئالدىراپ قالىدۇ.)

ئەر: ۋەي، ئا... (كۈپ قىلىپ يىقىلىدۇ.)

---


يازغۇچىنىڭ ئۆزبېكچە «تاللانما ئەسەرلىرى»دىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ



# تىنىمسىز خىياللار

(ھېكايە)

ئابدۇرېھىم ئابلەت



يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان كۆپرەك ۋاقتىم خىيال سۈرۈش بىلەن ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى. خىيال — مەن ئۈچۈن نازىنىن قىزغا قاراپ ئولتۇرۇپ ھوزۇرلانغاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاشۇ نازىنىن قىز بىر ھېيلىگەر-ئالدامچى بولغىنىدەك، خىيالمۇ مەن ئۈچۈن بىر ئالدامچى. ئۇ پەقەت بىر مەزگىللىك ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىدۇ- يۇ، خۇددى ئاشۇ نازىنىن قىزغا ئوخشاش، يۈرىكىمدە بىر خىل ھەسرەت دېغى قالدۇرۇپ، غايىب بولىدۇ. خىيالدىن باش كۆتۈرگىنىمدە، ئاشۇ نازىنىن قىزنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي لېۋىمنى تامشىپ قالغاندەك، خىيالىمىدىكى ماڭا نېسىپ بولمىغان ھەر خىل ئىشلار ئۈچۈن لېۋىمنى تامشىتىپ قويىمەن. ناۋادا، خىيالىمدىلا لەيلەپ يۈرگەن، بىراق، ئۆزۈم ئېرىشەلمىگەن ۋە ئېرىشىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىشلاردىن بىرەرسى ماڭا



چۆچەكلەردىكىدەك نېسىپ بولغان بولسا ئىدى، تاسادىپىي كەلگەن بەختتىن خۇشال بولۇپ بېشىم ئاسمانغا يەتكەن بولاتتى.

× × ×

— بالام، ئېشىڭنى ئىچىۋالغىن، — دېدى ئانام خىيالىمنى بۆلۈپ، — بەش پاتمان قەرزگە بوغۇلغان ئادەمدەك ئولتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ يەنە؟

— ھە، ئۆزۈمچە ...

ئانام قولىدىكى ق ، يۇق ھور چىقىپ تۇرغان چىنىنى ماڭا ئۇزاتتى ۋە:

— بالام، مەن «دىككىدە» ئاچاكىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي، ئۇمۇ سۈيۈقئاشتىن بىر چىنە ئىچىۋالسۇن. ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، — دېگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى.

چىنىدىكى ئاشنى قوشۇق بىلەن مالتىلاشقا باشلىدىم. چىنە ئىچىدە بىرەر توغرام گۆش دىدارى كۆرۈنمەيتتى.

ھەي، تۇرمۇش! ... يەنە خىيال دېڭىزىغا چۆكتۈم.

— مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىسام بىرەر ئورۇنغا كانار توختىتىپ قاساپ بولغۇم كېلىدۇ، — دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، — ئۇ چاغدا ئۆيىدىن گۆش ئۈزۈلمەيدىغان. نىھايەت بىرەر كىلوگرام گۆش ئالغانلاردىن بىرەر يۈزگرام قايرىۋالىمەن - دە، ئۆيىدىكى قازانغا تاشلايمەن. كىشىلەر سېنىڭ گۆشنى كەم بەرگىنىڭنى بىلىپ قالسىچۇ دەمسەن؟ ئەخمەق. ئاشۇ گال چويلىسى بازار باشقۇرغۇچىلارنىڭ نەپسىگە گۆش بىلەن ئۇرىمەن. ئۇلارمۇ گويا مېنىڭ گۆشۈم ئاغزىدىلا تۇرۇپ قېلىپ تىلىنى تۇسۇۋېلىپ، نەپسىنى بوغقاندەك «ھۆتتۆت - پۆتتۆت» دېيىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرەر خېرىدار ئالدىمغا كېلىپ: «گۆشنى كەم بېرىپسىز» دېسە، شۇ ھامان خېرىدارغا ھۇرپىيىپ، بازار باشقۇرغۇچىدىن جىڭىمنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلىپ كېلىشكە بۇيرۇيمەن. مۇبادا خېرىدارلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارسىمۇ نەتىجىسىز قايتىپ كېلىدۇ. بۇ «ھۈنەر»نى قاساپلاردىن كۆرۈۋالغانمەن. ئاشۇ چاغ مەنمۇ باشقا قاساپلاردەك قورسىقىمنى سامان تىققان تاغارغا ئوخشاش ئالدىمغا چىقىرىپ، كۆرەڭلىرىمنى كۆپتۈرۈپ يۈرۈيمەن. بىراق، دادام رەھمەتلىكنىڭ: «كىشىنىڭ ھەققىنى يېگەن ئادەم ئۇ دۇنيادا دوزاققا كىرىدۇ. شۇڭا، كىشىنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك كېرەك» دېگەن نەسىھىتى ھازىرغىچە قۇلىقىمدا تۇرغاچقا، ئۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا قولۇم بارمايدۇ. جىڭنى توغرا تۇتۇپ، قاساپلىقنى ھالال قىلساق بولمامدۇ، دەمسەن؟ بىلىمەن، ھالال ئىش قىلىش — ھەققىي ئىنسانىي پەزىلەت. بىراق، ھازىر جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەر قۇۋلىشىپ، ئالدامچىلىق، ھىيلىگەرلىك پاتقىقىغا پاتقان، تويىمغۇر نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىپ ھەر خىل رەزىللىكلەرنى قىلىشتىن يانمايۋاتقاندا، سەن ئادىل قاساپ بولساڭ، باشقا كەسىپداشلىرىڭنىڭ تىل - ھاقارىتىگە، بېسىمىغا ئۇچرايسەن. تېخى گېزى كەلگەندە ئۇلار ساڭا قاۋاندەك تاشلىنىدۇ. سېنىڭ پېيىڭگە چۈشۈپ، ساڭا ئورا كولىشىدۇ.

ياق، ياق. مەن ھەرگىزمۇ قاساپلىقتىن ئىبارەت بۇ ھارامتاماق كەسىپكە قول تىقمايمەن. قاساپ بولمايمۇ گۆش يېگىلى بولىدىغۇ؟ ئەڭ ياخشىسى، كىشىلەرگە نەپ يەتكۈزىدىغان بىرەر كەسىپنى تاللىشىم كېرەك.

ھە، راست. دادام رەھمەتلىك كېسەل تۈپەيلى دوختۇرخانىدا ياتقاندا دوختۇرلۇقنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ كەسىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ئەمەسمىدىم؟! شۇنداق، دوختۇرلۇق ئۇلۇغ كەسىپ. ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىمارلارنىڭ شىپالىق تېپىشىغا بېغىشلىغان. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان، كۆيۈمچان كىشىلەر. دادام رەھمەتلىك كېسەل ئازابىدىن ئىڭراپ ياتقاندا، بىر سېستىرانىڭ دادامنىڭ ئايىغىدا پايپېتەك بولۇپ، جان كۆيەرلىك بىلەن قارىغانلىقىنى كۆرۈپ بەكمۇ تەسىرلەنگەنمەن. تېخى ئىككى يىل

بۇرۇن مەنمۇ كېسەل تېزپەيلى دوختۇرخانىدا ياتقىنىمدىمۇ؟ ئەمدى كېسەل مېنى قىيناپ ھالىمنى قويمىغاندا، دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئاز كۈندىلا ساللا-مازا ساقايغان ئەمەسمىدىم؟ شۇ چاغ كىشىندە-كىشىنىڭ تۈۋۈن تەرىپىگە بىر يىرگىنىشلىك ئىششىق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئاشۇ ئىششىق ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى. ئاشۇ چاغ مېنىڭ يېنىمدىن ئايرىلماي يۈرگەن ھېلىقى قاراقۇمچاق، زىلۋا بويلۇق، كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان سېستىرا قىزنىڭ سىماسى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ئۇ قىز ئۇنىمىغىنىمدا ئۇنىماي شىمىمنى سالدۇرۇۋېتىپ ھېلىقى يېرىڭلىق ئېقىپ تۇرغان جايىنى بىر قانچە قېتىم يۇيۇپ تازىلىغان. تېخى ئۇ قىزنىڭ مېنىڭ روھىمنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان گەپ - سۆزلىرىچۇ؟

لېكىن، كىشىلەر بىر پەلەكتىكى خەمەكنىڭ بەزىسىنىڭ زەھەردەك ئاچچىق، بەزىسىنىڭ تىلنى يارغۇدەك تاتلىق بولغىنىدەك، ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاشۇ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈللۈكىنى كۆرۈش بىلەن يەنە بەزىلىرىنىڭ رەزىللىك، پەسكەشلىك، پارىخورلۇقلىرىنىمۇ كۆردۈمغۇ؟ راست، ئۇلارنىڭ بەزىسى يەر شارىنى «ھام» ئېتىۋەتسىمۇ ئاشۇ تويمىغۇر نەپسى ئارام تاپمايدۇ. دادام رەھمەتلىكنى دوختۇرخانىغا ياتاققا ئالدۇرۇش ئۈچۈن، ئانام ئۆز بالىسىدەك بېقىپ كېلىۋاتقان پاقلاننى دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ھويلىسىغا مەن ئەكىرگەن ئەمەسمىدىم؟ يەنىچۇ؟ ئانامنىڭ يازدا بىر - بىرلەپ يىققان گۈلە - جىگدىلىرىنىمۇ خالتا - خالتىلاپ توشۇپ تۇرغانىدىمغۇ؟

ئاشۇ چاغدا مەن بۇ دوختۇرخانا باشلىقىدىن بەك يىرگەنگەنىمەن. ئەجەبا، ئۆزۈڭ پارا بېرىپ، ئۆزۈڭ يىرگىنەمسەن دەمسەن؟ شۇنداق، ئەگەر شۇ چاغدا ئاشۇنداق قىلمىسام دادامنىڭ ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ئۇ چاغدا دادام ئاللىبۇرۇن... شۇڭا، دوختۇرلارنى كۆرەرگە كۆزۈم يىرق.

دادام ھايات ۋاقتىدا: «كىشىنىڭگە بىرەر ئىلىم ئۆگەتكەن ئادەم كىشىلەر قەلبىدە مەڭگۈ يادلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەنىدى. راست ئەمەسمۇ؟ مانا مۇ بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمنى قەلبىمدە تۇرىدىكى ئەڭ ئەزىز، ئەڭ مۆھتەرەم كىشىلەر ھېسابلايمەنغۇ؟ ئۇنداقتا، ئوقۇتقۇچى بولايمۇ - يا؟ بۇمۇ بولمىدىغان كەسىپ. قايسى ئىش ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەجرىسىز راۋاج تاپقان؟ ئوقۇتقۇچىدىن سۆيۈنمەيدىغان، پەخىرلەنمەيدىغان كىم بار؟ ئوقۇتقۇچى - ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ ئون يىل ئوقۇتقۇچىنىڭ تەربىيىسىنى كۆرگەن، بىلىم ئالغان. 1 - سىنىپتا ساۋاتىمنى چىقارغاندىن تارتىپ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگىچە تالاي نەرسىلەرنى بىلىپ - كۆزۈم ئېچىلغان. ئاشۇ ئون يىللىق ئوقۇش ھاياتىمدا ھەر بىر ئوقۇتقۇچۇمنىڭ يۈرەك قېنى ھۆجەيرىلىرىمگىچە سىڭگەن. ئۇلار مېنى جەمئىيەتكە، خەلققە، مەملىكەتكە ياراملىق ئادەم بولسۇن دەپ تەربىيىلىگەن. شۇڭا، مەن ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەيمەن. ئۇلارنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرىمەن. بولۇپمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مۇدىرىم ئايتۇرسۇنخاننى زادىلا ئېسىمدىن چىقىرالمايمەن.

مەھەللىمىزدە مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىككى بالا بار ئىدى. ئۇلار مەكتەپكىمۇ بارمايتتى ياكى بىرەر ھۈنەر - ئوقەتمۇ قىلمايتتى. ھە دېسىلا يولدىن ئۆتكەنلەرگە ھەيۋە قىلىپ، كىچىكلەرنى بوزەك قىلاتتى. ئۇلار مېنى ئۆز توپىغا تارتاتتى. ئۇنىمىغىندەك بولسام ھۆرپىيىشەتتى. بىر كۈنى مەن ئۇلارنىڭ زورلىشى بىلەن مەھەللىمىزدىكى بىر قېرى بوۋاينىڭ بېغىغا تامدىن ئارتىلىپ ئۆرۈك ئوغرىلىغىلى كىردىم. بىزيانچۇق ۋە شەپكىلىرىمىزگە مەي باغلاپ پىشقان ئۆرۈكلەرنى راسا قاچىلاۋاتقاندا، بوۋاي تۇيۇپ قېلىپ بىزنى قوغلىدى. بويۇمنىڭ ئېگىز، پۇت - قولۇمنىڭ كالامپايلىقىدىنمىكىن، باغ ئىچىدىكى قويۇق ئۆسكەن مېۋىلىك

دەرەخلەرگە يۆلىنىپ، ئۇيان - بۇيان قېچىشقا باشلىدىم. ھېلىقى ئىككى بالا بولسا ئاللىبۇرۇن باغدىن غايىب بولۇشۇپتۇ. ئەمدىلا تامدىن ئېشىلىپ تۇرۇشۇمغا بوۋاي مېنى تۇتۇۋالدى. قانچە يالۋۇرۇشلىرىمغا ئۇنىماي قولۇمنى مەھكەم تۇتقىنىچە باغ ئىچىدىن سۆرەپ چىقىپ، ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. قورققىنىمدىن لاغىلداپ تىترەيتتىم. شۇ چاغ بوۋاي مېنى راسا ئۇرسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، بوۋاي ماڭا بىر ھازا تەربىيە بەرگەندىن كېيىن قويۇپ بەردى.

شۇ كۈنى قىلغان ئىشىمغا پۇشايمان قىلىپ بىر ھازا لاغايلاپ يۈردۈم. نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم بىر قىسما ئىدى.

كۆڭلۈم چىۋىن يەۋالغاندەك غەش بولدى. شۇنداق قىلىپ يېرىم كۈن مەكتەپكە بارالمىدىم. چۈشتىن كېيىن ئەمدىلا مەكتەپ ئىچىگە قەدەم بېسىشىمغا ئايتۇرسۇن خانىم بىلەن ھېلىقى بوۋاينىڭ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم ئېغىزىمغا كەلگەندەك بولدى. ئۆزۈمنى سەزمىگەن ھالدا ئارقامغا ئۆرۈلدۈم - دە، ئۆي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم.

ئەمدىلا كەچلىك تاماقىمىزنى يەپ تۇرۇشىمىزغا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا ئايتۇرسۇن خانىم تۇراتتى. خانىمنى كۆرۈپ گويا يۈرىكىم قېپىدىن چىققاندەك بولۇپ كەتتى.

- ئۆيدە كىم بار؟ - دەپ سورىدى خانىم يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ.

- ھەممەيلەن بار، - دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدىم - دە، ئارقامغا بۇرۇلدۇم. تەلىيىمگە ئانام ئۆيدىن چىقىپ، مېنى ئوڭايسىزلىقتىن قۇتۇلدۇردى.

ئانام ئايتۇرسۇن خانىمنى ئۆيگە باشلاپ كىردى. مەن ياندىكى ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. قۇلىقىم خانىمنىڭ قىلغان سۆزىدە ئىدى. خانىم ئانام بىلەن ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن مېنىڭ ئەھۋالىمغا كۆچتى. يۈرىكىم «دۈك - پۈك» ئىدى. «خانىم بۈگۈن بولغان ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە چوقۇم ئېيتىدۇ، قانداق قىلارمەن؟» دېگەن ئەندىشە مېنى چىرمىۋالغانىدى. خۇداغا شۈكرى! خانىم بۈگۈنكى ئەھۋالنى ئۆيدىكىلەرگە ئېيتمىدى. پەقەت مېنىڭ ئۆگىنىشتە ئازراق ئارقىدا چېكىنگەنلىكىمنى، بۇندىن كېيىن دىققەت قىلىشىمنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. «ياشاڭ! ياشاپ كېتىڭ! خانىم دېگەن مۇشۇنداق بولسا!» دەۋەتتىم ئىچىمدە خانىم ئورنىدىن تۇرۇۋاتقاندا. بىراق، خانىم ئۆيدىن چىقىپ مېنى سورۇشتۇرۇۋېدى، يەنە بەزگەك ئادەمدەك تىترەشكە باشلىدىم. پۇتۇم تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. مىڭ تەستە خانىمنىڭ ئالدىغا كەلدىم.

- ئەتە مەكتەپكە سەھەررەك بارغىن جۇمۇ، - دېدى خانىم بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ. يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك بولۇپ كەتتى. «ماقۇل» دېگەن سۆزنى ئاران دېيەلىدىم.

خانىمنىڭ ئېيتقىنىدەك ئەتىسى كۈندىكىدىن سەھەررەك مەكتەپكە باردىم. خانىم مېنى مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ۋە ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. مېنى خىجالەتچىلىك ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئالغانىدى. شۇ تاپتا خانىمنىڭ مېنى راسا تىللىشىنى كۈتۈشتىن باشقا ئوي كاللامغا كىرمەيدى.

بىراق، خانىم ماڭا بىر ھازا تەربىيە بېرىپ، بۇندىن كېيىن تۈنۈگۈنكىدەك يامان ئىشلارنى قىلماسلىقىمنى جېكىلىدى. مەنمۇ شۇندىن كېيىن ئۇنداق بولمىغۇر قىلىقلاردىن قول ئۈزدۈم. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىنى قەلبىم چىمەنزارىنى كۆكلەتكۈچى، غايە تۈۋرۈكىمنى تىكلىگۈچى، توغرا يول تېپىشىمدىكى كومپاس دەپ ھېسابلايمەن.

بىراق، تولۇق ئوتتۇرىدىكى سىنىپ مۇدىرىم ئەزىز مۇئەللىم يادىمغا يەتسە، ئۇنىڭغا غەزىپىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. ئۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىستىقبالىمنى چەيلەپ خىيازالىق قىلغان. ئۇ، تۈلكىگە ئوخشاش ھىيلىگەر، لالما ئىتتەك

تاماگەر ئىدى. ئۇنىڭ زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدىغان بىر ئىشى بار. مەن تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغاندا، ئۇ ماڭا بەكمۇ يېقىنچىلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىمۇ ئايىتۇرسۇن خانىمدەك كۆيۈمچان بىر ئانا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىنچىلىقىنىڭ كەينىدە پارىخورلۇق، ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت بىر قارانىيەتنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى؟!...

بىر كۈنى ئۇ مېنى چاقىرتىپ:

— ھە، ئالدىمىزدا ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىسەن، تەييارلىقىڭنى ئوبدان قىلىۋاتقانسەن؟ — دېدى.

— يامان ئەمەس، مۇئەللىم، — دەپ جاۋاب بەردىم مەن.

— ھە، ئۆگىنىشكە ئۆزۈڭنى بەكمۇ ئۇرۇپ كەتمىگىن، سالامەتلىكىڭنىمۇ ئاسرىغىن جۇمۇ! ئىمتىھاندا بىزلەرمۇ قاراپ تۇرماسمىز. ھەراست، سېنىڭ داداڭنى ئۇستا شەپكىچى دەيدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم.

— ھەئە، دادام خېلى ئوبدان شەپكە تىكىدۇ، — دېدىم مەن، — شەپكە لازىممىدى مۇئەللىم؟

— ھەئە، ئۆزۈمگە بىر شەپكە ئالاي دېۋىدىم.

— بولىدۇ، مەن سىلىنى دادامنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي.

ئەتىسى مۇئەللىمنى باشلاپ، دادامنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەلدىم.

— كەلسىلە مۇئەللىم، كەلسىلە، دۇكانغا كىرسىلە، — دېدى دادام مۇئەللىمنى دۇكان ئىچىگە تەكلىپ قىلىپ.

مۇئەللىم دۇكان ئىچىگە كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— مۇئەللىم، ئۆزلىرىگە شەپكە لازىممىدى؟ — دەپ سورىدى دادام ئاتىنىڭ قېنىدەك دەملەنگەن چاينى پىيالىغا قۇيۇۋېتىپ.

— ھەئە، ئۆزۈمگە لازىم ئىدى، — دېدى مۇئەللىم.

— ھە، قاندىقىدىن كىيەلا؟ باشلىرىدىكىدەك قارا سارجىدىنمۇ ياكى زېغىرەڭدىنمۇ؟

ھە، قارىسىدىن كىيەيمىكىن دەيمەنا.

— ئوبدان، ئوبدان، — دادام قولىدىكى پىيالىنى مۇئەللىمگە ئۇزاتتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىلغىدىن بىر شەپكە ئالدى. ئاندىن قوتاز قۇيرۇقى بىلەن شەپكىنىڭ ھەممە يېرىنى قېقىشتۇردى ۋە مۇئەللىمگە تەڭلىدى، — قېنى، كىيىپ كۆرسىلە، ياراشمىسا باشقىسىدىن كىيەلا. ھە، ئۆزلىرىنىڭكىدەك كەلدى. ماۋۇ ئەينەككە بىر قاردىۋەتسىلە.

— ھە، مۇشۇنى كىيەي، — دېدى مۇئەللىم شەپكىنى بېشىغا كىيىپ كۆرۈپ، — چوڭ-كىچىكلىكىمۇ جايىدىكەن، رەڭگىمۇ بولىدىكەن.

— ھە، بولىدۇ، كىيسىلە! — دېدى دادام قولىدىكى قوتاز قۇيرۇقىنى مىخقا ئېسىۋېتىپ.

— ئۇستام، مۇنۇ پۇلنى، — دېدى مۇئەللىم يانچۇقىدىن ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ دادامغا تەڭلەپ.

— مۇئەللىم، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ بۇنداق ئىشنى بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىككىنچى قىلمىسىلا جۇمۇ! ھېلىقۇ بىر شەپكىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرنېمە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىدىن پۇل ئالامدىغان.

دادام بىلەن مۇئەللىم بىر ھازا تالاش-تارتىش قىلىدى. نەتىجىدە، ھېلىقى پۇل مۇئەللىمنىڭ يانچۇقىغا كىردى.

— ئۇستام، بالىنى بۇ يىل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرۇش خىيالىلىرى باردۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم خېلىدىن كېيىن.

— شۇنداق، مۇئەللىم. پېشانىسى ئوڭدىن كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ھە، بىزلە بولغاندىكەن ... سىنىپ مۇدىرى تۇرۇپ «ھە - ھۇ» دېيىشمەك سەت تۇرار ئۇستام، — دېدى مۇئەللىم تاماكا ئورىغاچ.

— رەھمەت مۇئەللىم، خۇدايىم چىققان دۆۋىلىرىنى ئېگىز قىلىپ، مەرتىۋىلىرىنى زىيادە قىلغاي. مۇشۇ بالىنىڭ ئىستىقبالىغا

كۆڭۈل بۆلۈپ قويسىلىرى تولىمۇ ئوبدان بولاتتى، — دېدى دادام.

دادام بىلەن مۇئەللىم مېنىڭ ئىستىقبالىم ھەققىدە خېلى ئۇزۇن باش قاتۇرۇشتى. مۇئەللىم خېلى ئۈمىدلىك گەپلەرنى قىلدى. دادام خۇشلۇقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. مەن بولسام دادامنىڭ بۇيرۇتمىسى بويىچە ئەكىرگەن شورپىنىڭ قاچىلىرىنى يۇيۇش، سۆڭەكلىرىنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بەنت ئىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، دادام بىرقانچە قېتىم ئەزىز مۇئەللىمنى ئۆيگە چاقىردى. ھەر قېتىم كەلگىنىدە شورپا، كاۋاپ دېگەنلەر ئالدىدىن ئېشىپ تۇردى. ئىككى ئوغلىنىڭ سېرىق شەپكىسىمۇ سارجا شەپكىگە ئالماشتى. تېخى بىر قېتىم ئەزىز مۇئەللىمنىڭ ئائىلىسى بويىچە چاقىرغانىدىچۇ؟ ئايالىغا، ئۆزىگە سارجىدىن شىم - كاستيۇملۇق رەخت قويۇلدى. ھازىر شۇ ئىشلارنى ئويلىسام، دادامنىڭ ھاماقەتلىكىگە ئىچىم قاينايدۇ. شۇنداق قىلىپ، شۇ چاغدا مەنمۇ ئۆزۈمگە بىر يۆلەنچۈكنىڭ تېپىلغانلىقىدىن خۇشالاندىم. بۇرۇنقىدەك ئانچە ئۆگىنىشكە بېرىلمەيدىغان بولۇۋالدىم. نەتىجىدە نېمە بولدى دېمەمسىز؟ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغىمۇ قاتناشتىم. ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىدىم. ئەپسۇسكى، ئەزىز مۇئەللىمگە تۇتقان سوۋغا - سالاملىرىمىز، دادام ۋە مەن ئويلىغاندەك ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈشۈمدىكى كۆۋرۈك بولالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەزىز مۇئەللىمنى كۆرگىدەك بولسام بەدەنلىرىم تىكەنلىشىدۇ. ئەزىز مۇئەللىم سېنىڭ پارا بېرىشىڭنى تەلەپ قىلمىغان تۇرسا دەمسەن؟ شۇنداق، ئۇ دەسلەپتە تۈلكىدەك ھېيلىگەر قىياپەتكە كىرىۋالغان. ساڭا بىلىم بەرگەن ئەجرى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنچىۋالا سۆزلەپ، پەخەسلىق قىلىپ كەتمىگەن دەمسەن؟ توغرا، ئۇنىڭ ساڭا بەرگەن بىلىمىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن نېمە قىلسامۇ ئەرزىمەيدۇ. بىراق، ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى، مېنى چېكىندۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە كىرىشتىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى ئويلىسام، ئۇنىڭدىن تازا ئۆچ ئالغۇم كېلىدۇ. بىر ياشنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلىشتىنمۇ ئارتۇق پەسكەشلىك، رەزىللىك بولامدۇ؟

دادام رەھمەتلىك ھايات چېغىدا: «بالام، ھالالچى، ھەققانىي ئادەم بولغىن، ناۋادا بىرەر ئادەمنىڭ ساختىلىقىنى، ئالدامچىلىقىنى كۆرگەن ھامان ئاشۇ ئادەمنى ئۇنداق ناشايان ئىشتىن توسقىن» دېگەنىدى. دادامنىڭ ئېيتقىنىدەك، كىشىلەرنى ساختىلىق، ئالدامچىلىقتىن توسىدىغان بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسامچۇ؟ ھازىر بەزى كىشىلەر كۆز بوياmچىلىق قىلىپ جان بېقىۋاتىدۇ. ھەر خىل يالغان تاۋارلارنى بازارلارغا ئەكىرىپ سېتىۋاتىدۇ. مۇبادا، ئاشۇنداق ئالدامچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىدىغان ئادەم بولۇپ قالسام نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە؟!

ھە، راست، باج خادىمى بولۇپ ئىشلەيمۇ-يا؟ دۆلەتنىڭ باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىپ باج ئوغرىلىرىغا، ئالدامچىلارغا زەربە بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ھىيلىگەرلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالسام ياخشى ئەمەسمۇ؟!

باجگىرلىك تولىمۇ ئوبدان كەسىپ. باجگىرلار خەلقنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. كىشىلەرنىڭ ئالدىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېخى ھازىرقىدەكلا ئېسىمدە: ھېيتنىڭ تازا «چاپ - چاپ» بازىرىدا بىر ئاياغ سېتىۋالدىم. ئاياغنى شاپ بۇرۇتلۇق، كۆزلىرى ئويان - بۇيان ئىلدىرلاپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان بىرسىدىن ئالدىم. ئاياغنى ئېلىپ ئارقامغا بۇرۇلۇشۇمغا قېشىمغا بىر باجگىر كەلدى-دە، ئاياغنى نەچچە پۇلغا ئالغانلىقىمنى سورىدى.

— 45 يۈەنگە، — دېدىم مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— ئوكا، بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن، — دېدى باجگىر ماڭا ۋە ئۇدۇل ئاياغ ساتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئۇستام، ئاياغنى قانچە پۇلدىن ساتتىلا؟ — دېدى باجگىر.

— 25 يۈەندىن ساتتىم ئوكام، — دېدى ئۇستام سىرلىق ھىجىيىپ.

— ھەممىسىنى 25 يۈەندىنمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنداقتا ئاۋۇ ئاياغنىچۇ؟ — باجگىر يانغا بۇرۇلۇپ قولۇمدىكى ئاياغنى كۆرسەتتى.

— ھە، ئۇ... ئۇ... ئاياغنى ... — ئۇستامنىڭ ئاغزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمىدى.

— ئۇ ئاياغنى 45 يۈەنگە ساتتىم دېسىلە، — دېدى باجگىر تەمكىن ھالدا.

ئۇستام زۇۋان سۈرەلمىدى. تېنىۋالاي دېسە، مەن ئۇستامنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇراتتىم. ئۇستام ئۇيان - بۇيان قارىدى - دە، يەشىك ئىچىدىن بىر جۈپ ئاياغنى ئېلىپ، باجگىرغا تەڭلىدى.

— ئوكام، بۇ ئاياغنى ئەپقۇيسىلا، ئۆزلىرىگە تازا خوپ كېلىدۇ. بولمىسا ئۆزلىرى بىلىپ ... ھە، بۇ ئاياغ تولىمۇ سىپتا، ئۇزۇن چىدايدۇ...

— ھىم، بۇ ئاياغلىرى ماڭا كېرەك ئەمەس، — دېدى باجگىر ۋە سومكىسىدىن جەرىمانە قەغىزىنى ئېلىپ، — باھاسىدىن بىر دەرىجە ئۆستۈرۈپ ساتقانلىرى ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيلا. ھە، يەنە تېخى بۇ ئاياغلارنى سېتىشنى توختىتىپ قويىمىز. يۈرسىلە، ئىشخانىغا!

شۇندىن كېيىن باجگىرلىكنىڭ تولىمۇ ئوبدان كەسىپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانمەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئاشۇ باجگىر كېلىپ قالمىغان بولسا، مېنىڭ بىرمۇنچە پۇلۇم ئاشۇ تويمىغۇر، نائىنساپ ئۇستامنىڭ يانچۇقىغا كىرىپ كەتكەن بولاتتى. يەنە تېخى ماڭا ئوخشاش خېرىدارلار ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، مىڭ بىر جاپادا تاپقان پۇللىرىنى ئىپى - سىپىدا خەجلىيەلمىگەن بولاتتى.

بىراق، باجگىرلار بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ئىش يادىمغا يەتسىلا، قەلبىمدە باجگىرلارغا نەپرەت تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ. شۇ چاغدىكى ئىش مۇنداق بولغانىدى: تەتىل كۈنلىرىمدىن پايدىلىنىپ ئىككى - ئۈچ تاغار تاۋۇز ئېلىپ سېتىپ، ئازدىراق پۇل تېپىش نىيىتىگە كەلدىم - دە، دادامغا مەسلىھەت سالدىم. دادام قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن دادامدىن پۇل ئېلىپ ئىككى تاغار تاۋۇز سېتىۋالدىم - دە، كىرچىننىڭ دوقمۇشىغا چۈشۈردۈم. تېخى بىرەر تاۋۇز ساتماي تۇرۇشۇمغا ئىككى نەپەر باجگىر كەلدى - دە، باج تۆلىشىمنى ئۇقتۇردى.

— ئاكا، تېخى بىرەرمۇ تاۋۇز ساتمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا پۇل يوق ئىدى، — دېدىم مەن باجگىرغا، — تاۋۇزلارنى سېتىپ ئازدىراق پۇل قىلغاندا بەرسەم.

— بولمايدۇ. ساتمىدىم دېگىنىڭنى، سەن خەق قاچان قارىسا ساتمىدىم، پۇل يوق دەيسەن! يېنىڭدا ئاتىڭنىڭ كاللىسىدەك پۇل بولسىمۇ ئوخشاش! ھازىر بېرىسەن. تېزرەك بول، بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى! — دېدى باجگىردىن بىرسى قاپىقىنى تۈرگەن پېتى.

— ئاكا، ئۇنداق بولسا، ئۆيدىن پۇل ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدىم مەن.

— ئۆيۈڭنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك؟

— بىرەر كىلومېتىر كېلىدۇ.

— ياق. بولمايدۇ، سەن كەلگىچە بىز قاراپ تۇراتتۇقمۇ؟

— ئەممىسە ...

— ئۇنداقتا، تاۋۇزلىرىڭنى توختىتىپ قويىمىز. باج تاپشۇرساڭ ئاندىن بېرىمىز. تېخى، ۋاقتىدا باج تاپشۇرماي خىزمىتىمىزنى

ئاقسىتىپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن جەرىمانە تۆلەيسەن!

باجگىرلار قانچە يالۋۇرۇشلىرىمغا پەرۋا قىلمىدى. ئىلاجىسىز تاۋۇزلارنى ئىككى تاغارغا قاچىلىدىم - دە، قىزىل ھارۋىسىغا بېسىپ بىر باجگىرنىڭ يول باشلىشى بىلەن باجخانىغا ئەكىردىم.

- ماۋۇ ئىشخانىغا ئەكىرىپ قوي! - دېدى باجگىر بىر ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ.

ئۆيگە بېرىپ بولغان ئەھۋالنى دادامغا ئېيتتىم - دە، دادامدىن پۇل ئېلىپ باجخانىغا يۈگۈردۈم. ئەپسۇسكى، ھېلىقى باجگىر يوق ئىدى. شۇ تەرىقىدە ئىككى كۈن ئاۋارە بولدۇم.

- تاۋۇزىڭنى كىم مۇسادىرە قىلغان بولسا، رەسمىيەتنى شۇ بېجىرىدۇ، - دېدى ئۈچىنچى كۈنى بىر باجگىر ماڭا.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتكەندە ھېلىقى باجگىرنى تاپتىم. يانچۇقۇمدىكى پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭلىۋېدىم، ئۇ بىرمۇنچە رەسمىيەتلەرنى سۆزلىدى:

- باج، جەرىمانە، ساقلاش ھەققى بولۇپ، جەمئىي 20 يۈەن تۆلەيسەن، - دېدى ئۇ ماڭا.

- ئاكا، يېنىمدا 15 يۈەن پۇل بار ئىدى، شۇ پۇلنى ئالسىلىرى بوپتىكەن، - دېدىم بويۇنۇمنى قىسىپ مەيۈس ھالدا.

- بوپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن باجنى ۋاقتىدا تۆلىگىن جۇمۇ! - دېدى ئۇ قولۇمدىن پۇلنى ئېلىپ، - بولدى. ئەمدى تاۋۇزلىرىڭنى سېتىۋەر.

تاۋۇزلىرىمنى ئىشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ، ھېلىقى دوقمۇشقا ئەكىلىپ تاغار ئىچىدىن ئېلىۋېدىم، بىرسىمۇ ساق چىقمىدى. ھەممىسى سېسىپ ئاداپ كەتكەنىدى. تاۋۇزلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. «ھۇ نەئەھلى» دېدىم ئىچىمدە.

شۇنداق قىلىپ تاۋۇز ئالغان پۇلۇمنى، باجگىرغا تۆلىگەن پۇلۇمنى ھېسابلاپ كۆرۈۋېدىم 35 يۈەن چىقتى. دېمەك، 35 يۈەننى شامال ئۇچۇرۇپ كەتتى، دېگەن گەپ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر باجگىرنىڭ قاساپنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۆش ئېلىپ پۇل بەرمەي كەتكەنلىكىنى، تېخى ھېلىقى خاپان باش، چېقىر كۆز باجگىرنىڭ دادامدىن باجنى ئازراق ئېلىشقا ۋەدە قىلىپ، پۇل تۆلىمەي بالا - چاقىلىرىغا ۋە ئۆزىگە شەپكە ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئەمەسمىدىم؟!

«ھۇ، نەپسىگە ئوت كەتكەن تويمىغۇر ئىپلاسلار! يېگەن نەرسىلىرى بەدىنىدىن قان - يىرىڭ بولۇپ تېشىپ چىقسىمۇ يەنە يېگۈلۈكنى يەيدۇ، قىلغۇلۇقنى قىلىدۇ بۇ ھارام نەرسىنىڭ قۇللىرى» دېگەنىدىم شۇ چاغدا مەن ئىچىمدە. ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىي بويىچە پارىخور، خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش كېرەك، خەلقى - ئالەم ئالدىدا رەسۋاسىنى چىقىرىپ، شەرمەندە قىلىش كېرەك، دەپ ئويلىدۇم ۋە شۇنداق قىلغۇم كەلدى. ئەپسۇسكى، مەندە ھازىر ئۇنداق كۈچ - قۇدرەت، ھوقۇق يوق. شۇڭا بىرەر ھوقۇق تۇتۇشۇم كېرەك.

شۇنداق قىلىپ، بىرەر ئورۇنغا باشلىق بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. باشلىق بولدى دېمەك، ئەل - يۇرتقا باش بولدى دېمەك. باشلىقلار ئەل - يۇرتنىڭ غېمىنى يەيدۇ، خەلقنىڭ جان مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ. ئۇلار دۆلەتنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى شاد - خۇراملىققا چۆمدۈرۈپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگۈزۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. باشلىق دېگەن شۇنداق ياخشى بولسا، كىشىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولسا دەپ ئويلايتتىم مەن باشلىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ قالسام.

مۇبادا مەنمۇ كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى

ھەل قىلىدىغان، يولدىن ئازغان كىشىلەرگە تەربىيە بېرىدىغان، پارىخور، خىيانەتچىلەرگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ، ئۇلارنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپىدىغان باشلىق بولۇپ قالسام، نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى- ھە؟...

ھەي تەڭرى!

مەن بايىدىن بېرى ھەر خىل كەسىپلەرنى تاللىدىم. ئەپسۇسكى، ھەممە كەسىپتىن يالتايدىم. ئەڭ ئاخىرىدا باشلىق بولۇش نىيىتىگە كەلدىم. مەن باشلىق بولاي. سەنمۇ بىزدىكى باشلىقلاردەك پارىخور باشلىق بولۇپ قالساڭچۇ دەمسەن؟ ياق - ياق! مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ۋەدە بېرىمەنكى، مەن ھەرگىز پارىخورلارنى دوردىمايمەن! ھەقىقىي خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان پاك - دىيانەتلىك باشلىق بولىمەن. بەلكى، ئاشۇنداق پارىخورلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان باشلىق بولىمەن. يەر يۈزىدىن ئۇنداق ئادەملەرنى قوغلاشقا، يوقىتىشقا بارلىق كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن.

تەڭرى! ...

سەن مېنى تىلىكىمگە يەتكۈزگەن! شۇ چاغدىلا سەندىن ئۆمۈر بويى رازى بولىمەن. باشلىق بولسام، چوقۇم ئۆز نەپسىمگە چوغ تارتمايمەن، ئۆز تەۋەيىمدىكى پارىخور، ئالدامچىلارنى يوقىتىپ، خەلقنى تېخىمۇ شاد - خۇرام، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يېتەكلەيمەن!...

× ×

— بالام، سەن زادى نېمە بولدۇڭ؟ تېخىچىلا ئېشىڭنى ئىچمەي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپسەنغۇ؟— بۇ ئانامنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— ھە، ھە...— دېدىم خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ.

ئانام ماڭا قاراپ پەگادا تۇراتتى. مەن ئېشىمنى ئىچىش ئۈچۈن چىنىمنى قولۇمغا ئالدىم. ئەپسۇسكى، چىنىمدىكى ئاشتا بىر مۇنچە چىۋىنلەر قاناتلىرىنى ئىمىدىرلىتىشىپ، تېخى ئۆلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى...

1987- يىل 8- ئاي، قەشقەر

(بېشى 47 - بەتتە)

مېنىڭ چىن ماچىن شەھىرىدە خوتۇن - بالىلىرىم بار، شۇ يەرگە كېتەي، — دەپتۇ.

— سەن ئەسلىدە بۇ يەردە كىمنىڭ بالىسى ئىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. يىگىت ئانىسى ئېيتىپ بەرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا ئۆز ئىسمىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. پادىشاھ تەختتىن ئۆزىنى ئېتىپ، ئوغلۇم! دەپ بالىسىغا قۇچىقىنى ئېچىپ يۈگۈرۈپتۇ. ئادىل يەر ئۆپۈپ تەزىم قىلىپ، دادىسىغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئاتا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. پادىشاھ چوڭ خوتۇنىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپتۇ. چىن ماچىن شەھىرىدىن قۇدىسىنى، كېلىنىنى، نەۋرىلىرىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. شاھانە توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. ئادىلغا شاھلىق تاجىنى كىيگۈزۈپ تەختكە چىقىرىپتۇ. ئادىل شاھ ئىنىسىنى ئوڭ قول ۋەزىرلىككە — مۇئاۋىن باش ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، يۇرتنى ئادالەتلىك بىلەن سوراپ ئىسمى جىسمىغا لايىق ئادىل شاھ بولۇپ ئۆتۈپتۇ.

مەن بۇ ۋەقەلەرنى ھېكايەت قىلىپ بۈگۈنگىچە يەتكۈزۈپ كەلدىم.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئابلىز غوپۇر، رەتلەپ قەلەمگە ئالغۇچى: نەجمىددىن سىدىق



# پاراسەتلىك كىشىلەر



(تارىخىي ھېكايە)

جۇمەدىل مامان (قازاق)

ھەممە كىشى ئەل ئىچىنىڭ تۈگىمەس خەزىنە ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەندە، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! ئىلىكى سۆيۈلۈپ، بوي - بەستى پۈكۈلگەن پېشقەدەم غەمگۈزارنىڭ لەۋزىدىن تامغان ئالتۇندەك سۆزلەرگە ھېرىس بولغان ياش - ئۆسمۈرلەر ئۆز ئۆمرىدە ئەقلىدىن كەمتۈكلۈك ھېس قىلمىسا كېرەك. ئېيتماقچى بولغان بۇ ھېكايىمىز ئۇنىڭ ئاددىيلا بىر مىسالى. ئۇنىڭ تېگىگە ناھايىتى چوڭقۇر مەنا يوشۇرۇنغان، سىز ئۇنى يادىڭىزدا مەھكەم تۇتسىڭىزلا ئۇ سىزنى كەلگۈسىگە تەلپۈندۈرۈپ، كامالەتكە يەتكۈزىدۇ.



قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

بىز قازاقلاردا سىرىم دات ئوغلىنىڭ ئىش-ئىزلىرى توغرىسىدا ئاڭلاشقا قىزىقمايدىغان كىشى بولمىسا كېرەك. ئۇ 18- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۆتكەن كىچىك يۈز مالچىلىرى قوزغىلىڭىنىڭ ئەقىللىق، چېچەن، باتۇر باشلامچىلىرىدىن بىرى. ئەينى زامانىدا ئۇ، بايۇلى تايپىسىنىڭ بايباقتى قەبىلىسىدىن بۆسۈپ چىققان مەشھۇر شەخس ئىدى.

بايۇلى تايپىسىنىڭ ئەقىللىق ئاتىسى بولغان مالايسارى قازى كالاننى كىمنىڭمۇ يادىدىن چىقارغۇسى كەلسۇن؟! ئۇنى شۇ ئەتراپتىكى ئۆز قوۋمىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن قازاق خەلقى «ئادىل قازىمىز» دەپ بېشىدا كۆتۈرۈپ كەلگەن.

كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا زېھنى ئۆتكۈر سىرىم بىر كۈنى مالايسارى قازى كالانغا سالام بېرىپ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئالغىلى بارغانىدى. بۇ چاغدا خىيال دولقۇنلىرىغا غەرق بولۇپ ئولتۇرغان قازى كالان:

— ھە، سەن ئۆزۈڭ كىم، كىمنىڭ بالىسى بولىسەن؟ — دېدى — دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپلا يەنە قوش ياستۇققا قىيسايدى.

— داتنىڭ بالىسىمەن.

— ھىم، قوي بېقىشنى بىلمەيدىغان يامان داتتىن غولاسەندەك بىر ئوغۇل تۇغۇلدى، دەپ ئاڭلىۋىدىم، پەمىمچە، سەن شۇ بالىمۇ قانداق، — دېدى قازى كالان.

— شۇنداق، ئاتا. سىز، بىر قۇچاق ئوتۇندىن ئوقياغا ياردىمىدەك بىرەر تال چىۋىقمۇ چىقمايدۇ، دېمەكچىمۇ؟ — دېدى سىرىم ئىگىلىپ تۇرۇپ.

— ئاناڭ قاۋۇل، غەيرەتلىك ئايال ئىدى، كۈندۈزى كەلگەن بىر توپ مېھماننى ئىچىلىپ - يېيىلىپ، تۈندە كەلگەنلىرىنى ئىرغىپ تۇرۇپ كۈتۈپ ئالىدىغان. پەمىمچە، ئاناڭنى دورىغانىدەك تۇر دىسەن:

— ئانام قاۋۇل، غەيرەتلىك ئايال ئىكەن، دېمەك ئۇ — ئەلنىڭ بەختى — دە. ئاتام قازى بولمىغىنى بىلەن، ئاشۇ مېھمانلارنى كۈتۈپ ئالغان ئۆينىڭ ئىگىسىغۇ. ئانام قىرىق كىشىنى رەنجىتمەي يولغا سالغانىكەن، ئۇ چاغدا «قىرىقنىڭ بىرى خىزىر» دېگەن گەپقۇ. ماڭا شۇ خىزىر يولۇققان بولسا كېرەك، قازى ئاتا، — دېدى سىرىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

مالايسارى بېشىنى قايتا كۆتۈرۈپ، بەدەشقاننى قۇرۇپ ئولتۇردى — دە:

— ئولتۇر بالام، زاتىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم، قېنى ھاجىتىڭنى ئېيتقىن، — دېدى.

سىرىم ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ، بوۋاينىڭ قامەتلىك بەستىگە، قارلىق دالادەك ئاپئاق ساقىلىغا كۆز تاشلاپ:

— ئاتاجان، ئۆيۈڭىزنىڭ ئالدىدا تاغ بولسا ئېگەرلەنگەن ئات بىلەن تەڭ بىل، ئاۋۇلىڭدا دانىشمەن پېشۋا بولسا، قىممەتلىك دەستۇر بىلەن تەڭ بىل، دېگەن سۆزنى ئەل ئاغزىدىن كۆپ ئاڭلىغانىدىم. سىزگە سالام بېرىپ، دۇئايىڭىزنى ئېلىپ، ئەقىل دەرياسىغا چۆمگىلى كەلدىم، — دېدى.

مالايسارى كۈلۈۋەتتى.

— يارايسەن، يارايسەن چىراغىم. «ئادەم بولار بالىنىڭ كىشى بىلەن ئىشى بار، ئادەم بولماس بالىنىڭ كىشى بىلەن نېمە ئىشى بار» دەپتىكەن. ئۆزۈڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ سۆز باشلاي، تۇغ كۆتۈرۈپ قوشۇن باشلاي دېگەن بالا ئىكەنسەن، «ئەقىل ياشلىقتىن، ئالتۇن تاشلىقتىن» دېگەن گەپ بار. يولۇڭ بولسۇن، مۇرادىڭغا يەت. بىراق ماڭا ئوخشاش ئېرىق چىشىدىن ئايرىلغان، ئەقىل ھوشىدىن تايغان قېرىندا ساڭا ئۆگەتكىدەك نەدىمۇ ئۇنچىۋالا ئەقىل بولسۇن، بارىنى ئېيتاي،

تاياقچىلىق بولسىمۇ تايانچۇق بولار. ئالدى بىلەن ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمنى بىئارام قىلىپ كەلگەن مۇنۇ بىر ئىشنى دەي، ياش بولساڭمۇ يول كۆرسەتكىنىڭچۇ.

— ئېيتىڭ، ئاتا.

— ئۇنى ساڭا ئېيتىپ بەرسەم: بايۇلى قەبىلىسىنىڭ قەرز سۈيلەپ بارغان بىر ئوغلىنى ئەلىم قوۋمىنىڭ ئادەملىرى تۇتۇۋېلىپ، ئۆلتۈرۈۋەتكىلى ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ خۇنى تاھازىرغىچە سوراقسىز كېلىۋاتقىنى ئۈچۈن ۋۇجۇدۇم سىرقىرايدۇ. «ئەرنىڭ خۇنىنى ياشلارنىڭ چېچەنى ياكى قېرىلارنىڭ شەيتىنى قوغلىشىدۇ» دېگەن سۆز بولىدىغان. بۇنىڭغا نېمە دەيسەن قوزام؟...

سىردىم ئۈمىد يۈكىنى ھاپاشلاپ، ئۈن - تىنسىز ئۆيدىن چىقتى. ئۇئەتىسى يىگىتلەردىن 12 كىشىنى باشلاپ، ئاتا تىلىكىنى ئاقلاش ئۈچۈن ئۇزاق سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار ئاخىر ئەلىم تايىپىسىنىڭ ئاتاقلىق، سەزگۈر قازى كالانى ئاقسۇۋاتنىڭ ئاۋۇلىغا يېقىنلاشتى.

ئاقسۇۋات قازى كالان ئات تۇۋدىقى ئاۋۇلنى چاڭ - توزانغا كۆمۈۋەتمىسۇن دەپ، سوقماق يوللارنىڭ ئاغزىغا ئارغامچا تارتقۇزۇپ قويغانىدى. سىردىم باشچىلىقىدىكى يىگىتلەر ئۇنىڭغا دۈچ كېلىپ قالدى. بىراق ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان سىردىم پىسەنتمۇ قىلماي، يانداپ ئۆتتى — دە، ئاتنى تۈپتوغرا قازى كالاننىڭ ئوردىسىغا قويۇپ بەردى.

شۇ چاغدا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن بولسا كېرەك، بىر بوۋاي:

— كۈندۈزدە ئاۋۇلنى چاڭ - توزانغا كۆمگەن قايسىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى غەزەپ بىلەن.

— ھەي ئاقساقال، ئۆز دېسەڭ ئۆز بىز، يات دېسەڭ يات بىز، لېكىن ئالتە بەلنىڭ كەينىدىن ياياق كېلىدىغان ئەلىم قەۋمىنىڭ ئىتائەتچان كېلىنى ئەمەسمىز. مالايسارىدەك يۇرت بېشى بار بايۇلى قوۋمىنىڭ يىگىتلىرىمىز، — دېدى سىردىم ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ.

سىردىم كىرىپ كەلگەندە ئاقسۇۋات قازى كالان قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، جىمجىت يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قىمىر قىلمىغىنىنى كۆرگەن سىردىم ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

— ھەي ئاقساقال، ئاتا سۈرۈشتۈرۈش ئەجدادىمىزدىن قالغان ئادەتقۇ. سىز چوڭ تۇرۇپ سورىمىسىڭىز، مەن سوراي، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىز، — دېدى.

— پاھ، سەن تېخى مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەكچى ئىكەنسەن — دە، ئېتىمنى سورىساڭ — ئاقسۇۋات، ئېلىمنى سورىساڭ — ئەلىم، يېرىمنى سورىساڭ — بۇيرۇغان، مەن مۇشۇ ئەل بىلەن يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۈيۈك بەل، ئالتۇن قوزۇقمەن. ئەتراپىمدىن ئەل، ئالدىمدىن مۈشكۈلات كەتمەيدۇ، — دېدى.

سىردىم كۈلۈپ قويدى — دە، ئۇچقۇق - يۇزۇقلۇق بىلەن:

— ئاقساقال، سۆزىڭىزنى سۈۋاتتىن باشلىغىنىڭىز قامىلاشمىدى. چۈنكى سۈنىڭ مەينىتى سۈۋات، سۈۋاتنىڭ بويىدىن مەينەتچىلىك كەتمەيدۇ. توغرا، بۇيرۇغان دېگەن بىر چۆپ بار، ئۇنى يېگەن مال توق بولىدۇ، بىراق قۇۋۋىتى يوق بولىدۇ. قوۋمىڭ ئەلىم بولسا، ھالىڭغا باق. ئابرويىڭنى قوغداي دېسەڭ، ئادىمىمنىڭ خۇنىنى بەر! — دېدى.

بۇ سۆز ئاقسۇۋاتنىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك تۇيۇلدى - دە، ئېغىر خورسىنىپ قويدى، ئاندىن ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ سىردىمغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— ھەي سىردىم بالام، مەقسىتىڭنى ئەمدى چۈشەندىم. بايۇلى قوۋمىدىن بىر ئادىمىنىڭ بىزنىڭ ئاۋۇلدا پالاكەتكە ئۇچرىغىنىنى راست،

ئەرنىڭ خۇيى مىلك قوي، ئۆي ئىچىدە بىر قويدىن سېلىق سالسام ئىش تامام دېگەن گەپ. سەۋرى - تاقەتلىك بولسا، ھەل بولمايدىغان نەرسە بولمايدۇ. ئادەملىرىنى بىزنىڭكىلەر بېرىپ قەستەن ئۆلتۈرگەن ئەمەس، بەلكى ئۇ ئۆزى كېلىپ قازاغا ئۇچرىغان. ئەمدى قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ دەپ باقىمەن چىراغىم، - دېدى. سىردىم ھېچبىر ئىككىلەنمەي:

- مىڭ توقلا بىر قورۇ قويىنىڭ بىر يىللىق تۆلى. ئۇنىڭ بىلەن مەن بالىلىرىنى بېقىتاي دەپ كەلگىنىم يوق، بەلكى ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگۈچى - ئەلچى بولاي دەپ كەلدىم. سىز ھازىر ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇ ئۆزى باستۇرۇپ كېلىپ قازا قىلغان، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز. ئۇنداق بولسا، ئوغرىنىڭ خۇنى يېرىم خۇن، شۇڭا ئۇ، تۆت پۇتى بىلەن تىك تۇرغان 50 باش چوڭ مالغا تەڭ بولسۇن. بۇنىڭغا ئىككى تەرەپ شەرتسىز رازى بولايلى، شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ساقىت بولۇپ، بىرلىك - ئىناقلىق ئورنىسۇن، - دېدى. ئاقسۆۋات خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ سىردىمنى قۇچاقلىدى ۋە:

- بالام، بالا دېگەن ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى ئۆي بالىسى، ئۇ ئوچاقنىڭ بېشىدىن كەتمەيدۇ. بىرى ئەل بالىسى، ئۇ يىراقنى كۆزلەپ، يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. سەن ئەلنىڭ بىرلىكىنى ساقلاي دېگەنىكەنسەن، بۇندىن كېيىن تىلىكىڭ ھەل، تۇغقۇزۇڭ تەل بولسۇن، - دەپ دۇئا قىلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

50 يىلقىنى ھەيدىتىپ، قالغان سوۋغىلارنى يولداشلىرىغا بۆلۈپ بەرگەن سىردىم ئۈستىگە قارا يوپۇق يېپىلغان نارنى مالايسارى قازى كالانىڭ بوسۇغىسىغا ئاپىرىپ باغلىدى ...

- ... ئوتتۇرىمىزدىكى ئىشلار مانا شۇنداق تىنچىدى، ئاتا.

ئىشنى ئېنىق ۋە ئادىل بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن دىلى سۆيۈنگەن مالايسارى سىردىمنى يېنىدىن ئايرىماي بىر نەچچە كۈن ياخشى مېھمان قىلدى، ئاندىن ئاقلانىلىق بىلەن مۇنداق دەپ دۇئا قىلدى:

كۆڭلۈڭ تولغان جىگەر بولسۇن،
يەلكەڭ ناردەك يېغىر بولسۇن.
ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدىن دۈپۈرلەش، قۇلىقىڭنىڭ تۈۋىدىن شىۋىرلاش كەتمىسۇن،
يېشىڭ يەتمىشكە يەتمىسۇن ئاللاھۇ ئەكبەر.

«يېشىڭ يەتمىشكە يەتمىسۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ياش سىردىمنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەقىل كاسىسى قايتا تولۇپ، دۇئاگويغا سىردىنى تۆكۈپ تاشلىدى:

- ئاتا، بايىقىماي خاتا سۆز قىلىپ قويسام تۈزىتىش بېرىدىغان سىزدەك پېشىۋا تۇرغان يەردە نېمىدىن تارتىناي. ماڭا قىلغان دۇئايىڭىزنىڭ مەنىسىنى بىر باشتىن يېشىپ كۆرەي، دەل جايىدىن چىقالمىساي قالسام، تۈزىتىشىڭىزگە مۇھتاجمەن. «كۆڭلۈڭ تولغان جىگەر بولسۇن» دېگىنىڭىز يامان خۇي، خۇدۈكچى بولما، جىگەرلىك، سەۋرچان، كەڭ قورساق بول، ئالا كۆڭۈل بولما، دېگىنىڭىزمىكىن دەپ چۈشەندىم. «يەلكەڭ ناردەك يېغىر بولسۇن» دېگىنىڭىزنى ئەلنى يېتەكلەيدىغان ئەرنىڭ يۈكى ئېغىر بولىدۇ، يەلكەڭنى باسسا ئېغىرسىنما، قايتماس، قەيسەر بول، دېگىنىڭىزغۇ دەپ بىلدىم. «ئۆيۈڭنىڭ ئەتراپىدىن دۈپۈرلەش، قۇلىقىڭنىڭ تۈۋىدىن شىۋىرلاش كەتمىسۇن» دېگىنىڭىز دوست-

ياردىڭ كۆپ بولسۇن، ئەلنىڭ مۇڭگىغا مۇڭداش بول، يېتىم - يېسىرنىڭ ئاۋازىغا قولىقىڭنى دىڭ تۇت، ئۇلار ئۇچۇن ئۆيۈڭنى، كۆڭلۈڭنى ئوچۇق تۇت، دېگىنىڭىزغۇ، - دەپ چۈشەندىم. ئەمدى «يېشىڭ يەتمىشكە يەتمىسۇن» دېگىنىڭىزنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىمەن ئاتا، - دېدى. مالايسارى چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدى - دە:

- بالام، مەن يەتمىش ياشقا يەتكىچە يەتتە قېتىم پالاكەتكە يولۇقتۇم: داۋانسىز تاغقا يولۇقتۇم، تىنجىماس دەۋاغا يولۇقتۇم، قارام ياۋغا يولۇقتۇم، ئۆتكەلسىز كۆلگە يولۇقتۇم، ئادەمسىز چۆلگە يولۇقتۇم، تېپىلماس يوققا يولۇقتۇم، داۋاسىز ئوقتا يولۇقتۇم، مەن سېنى مۇشۇ پالاكەتلەرنى كۆرمىگەي دەپ ئويلايمەن. مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويساڭ، ئۇ چاغدا ساڭا يەتمىشنىڭ يۈز ھەسسىسىنىمۇ ئاز كۆرگەن بولار ئىدىم چىراغىم، - دېدى.


سىردىم ئەمدى بايىقى سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى - دە، ھاياتنىڭ قاتتىق - قاتتىق قايغۇسىنى كۆڭلىگە پۈككەن بۇ ئاقساقالنىڭ سۆزىنى مۇنداق شەرھلىدى:


- «داۋانسىز تاغقا يولۇقۇپ» تىزىڭىز تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىكەن، تاياق تايىنىشىڭىز، ئازراق بولسىمۇ مەدەت بولار. «تىنجىماس دەۋاغا يولۇققان» ئىكەنسىز، دېمەك، باللىرىڭىز سۆزىڭىزنى ئاڭلىمىسا كېرەك. «قارام ياۋغا يولۇققان» ئىكەنسىز، دېمەك، كېلىنىڭىز ياخشى قارىمايدىكەن. كېلىن بىلەن ئوغلىڭىزنىڭ ھاجىتىدىن چىقمىقى، يەنى ئۈنتىن چىقارماي، پەقەت ئىما - ئىشارە بىلەنلا يۆلەك بولۇش. «ئۆتكەلسىز كۆلگە يولۇققان» ئىكەنسىز، دېمەك، كۆزىڭىز خۇۋالىشىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇ - پەقەت بىر مەزگىللا يانىدىغان چىراغ، لېكىن سىز ياندۇرغان چىراغلار ھەرگىز ئۆزىڭىز بىلەن تەڭلا ئۆچۈپ قالمايدۇ. «ئادەمسىز چۆلگە يولۇققان» ئىكەنسىز، دېمەك، تەڭتۇشلىرىڭىز شالاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭغا نېمە ئامال بار دەيسىز. «تېپىلماس يوققا يولۇققان» ئىكەنسىز، دېمەك، تېخى ئورۇندىيالمىغان ئارمانلىرىڭىز بار ئىكەن. دۇنيادا ئارمانسىز ئادەم يوق دېگەن گەپ بارغۇ. «داۋاسىز ئوقتا يولۇققان» ئىكەنسىز، بۇ ئوق ۋاپاسىز دۇنيا بولسا كېرەك. ئۇ، ھەممىمىزگە ئورتاق قونالغۇ ئەمەسمۇ ئاتا.

- تاپتىڭ! ئەمدى مۇنداق ئۈچ سۆز بار: ۋاپا، ساۋاب، بۇرچ. بۇنى يادىڭدىن چىقارمىساڭ ئەلىڭدىن يۇرت، ئەتراپىڭدىن ئەل كەتمەيدۇ. ئارزۇيىڭغا يەت، - دەپ دۇئا قىلدى ۋە سىردىمنى يۇرت بېشى قىلىپ تەيىنلىدى.

---

«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1985- يىل 3- سانىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئاۋۇت ساۋۇت**





چەۋەنداز

ئەنۋەر ئابلىم فوتوسى


《新疆文化》 综合性文学双月刊（维吾尔文）

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» (قوش ئايلىق ئۇنۇۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 1990 - يىل 5 - سان


编辑：《新疆文化》编辑部 • 出版：新疆维吾尔自治区群众艺术馆 •


印刷：《新疆日报》印刷厂 • 发行：乌鲁木齐市邮局 • 订阅：各地邮局（所）•


«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى. ش ئۇ ئا ر ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى. «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى. جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.

国内统一刊号：CN 65－1073/1　　本刊代号：58－22　　定价：伍角

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1073/1 ۋاكالەت نومۇرى: 22 - 58. باھاسى 0.50 يۈەن







ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى — مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قەبرىگاھىدىن كۆرۈنۈشلەر

مۇھەممەت تۇرسۇن فوتوسى